بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللهِ جَمِيعاً وَلَا تَفَرَّقُوا

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林

المسلم الصيني




3
2016

مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة

ئۇنىۋېرسال ئىسلام ئىلمىي-مەدەنىيەت ژۇرنىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com







2016 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈندىن 21 ـ كۈنىگىچە، ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇراھال يول تۇتۇش ئىدىيەسى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. جۇڭگو، رۇسىيە، قازاقىستان، تاجىكىستان، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستاندىن كەلگەن داڭلىق ئىسلام ئالىملىرى، دىن تەتقىقاتچىلىرى ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرىدىن بولۇپ 100دىن ئارتۇق كىشى مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.





ئىككى كۈنلۈك مۇھاكىمە يىغىنىدا 29 ۋەكىل مەخسۇس تېمىدا سۆزلىدى. يىغىن قاتناشچىلىرى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى.




جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئادىل ھاجى كېرىم يىغىنغا قاتناشقان ھەرقايسى دۆلەت ۋەكىللىرى بىلەن بىرگە يىغىن تەشەببۇسنامىسىنى ئوقۇدى.



چەت ئەلدىن كەلگەن ۋەكىللەر مۇھاكىمە يىغىنىنى ئەستايىدىل ئاڭلىماقتا.




مۇھاكىمە يىغىنى ئاخىرلاشقاندا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن ۋەكىللەر رەھبەرلەر بىلەن بىرگە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى ئوسمان، مۇھەممەدئەمىن تارتقان)

# ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇراھال يول تۇتۇش ئىدىيەسى خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** 2016 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇراھال يول تۇتۇش ئىدىيەسى خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنىنى جۇڭخۇا دىن ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتى بىلەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن بولۇپ، جۇڭگو، رۇسىيە، قازاقىستان، تاجىكىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستاندىن كەلگەن مەشھۇر دىنىي زاتلار، داڭلىق ئالىملار ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك خادىملىرىدىن بولۇپ يۈزگە يېقىن ۋەكىل قاتناشتى. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر ''ئوتتۇرا ھال يول تۇتۇش ئىدىيەسىنى تەشەببۇس قىلىپ، ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرايلى'' دېگەن تېمىنى چۆرىدىگەن ئاساستا، ئىسلام دىنى دۇچ كېلىۋاتقان ئېغىر ۋەزىيەت، دۇنيانىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا يۈز بېرىۋاتقان تېررورلۇق، زوراۋانلىق ھادىسىلىرىگە قارىتا ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇراھال يول تۇتۇش ئىدىيەسىنى ئايەت ـ ھەدىسلەر ئارقىلىق چوڭقۇر تەھلىل قىلدى، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆزئارا ئۆگەندى ھەمدە ئىسلام دىنىنىڭ ياخشى ئوبرازىنى قوغداشنى ئورتاق مۇھاكىمە قىلدى. يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر، دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ زوئەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن قاتارلىقلار ئايرىم ـ ئايرىم تەبرىك سۆزى قىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى بەدرىددىن گو چېڭجېن يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

شۆھرەت زاكىر مۇنداق دېدى: ''جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونى كۆپ مىللەت، كۆپ دىنلىق رايون. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى دىن خىزمىتىگە ئەزەلدىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن بولۇپ، نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى دىنلار ئىناقلىقتا بىللە تۇرۇشتەك يېپيېڭى دەۋرگە كىردى''. ئۇ مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: ''خەلقئارادىكى دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ سىڭىپ كىرىشى ۋە يامرىشىغا ئەگىشىپ، نۇرغۇن دۆلەتلەر ئۇنىڭ بالايى ـ ئاپىتىگە ئۇچرىدى، جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونىمۇ دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغان رايونلارنىڭ بىرىدۇر. دىنىي ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش شىنجاڭدىكى دىنىي ساھەدىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 23 مىليون ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىرادىسى ۋە ئاڭلىق ھەرىكىتىدۇر''.

ۋاڭ زوئەن تەبرىك سۆزىدە مۇنداق دېدى: ''نۆۋەتتە دۇنيادىكى بىر قىسىم رايون ۋە دۆلەتتە زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەلىرى توختىماي يۈز بېرىپ، جاھاننىڭ تىنچلىقى، خەلقنىڭ جېنى ۋە مېلىغا ئېغىر تەھدىت سېلىۋاتىدۇ. ئەسەبىيلىك دىننى سۈيىئىستېمال قىلىپ، ئايەت ـ ھەدىسلەرنى بۇرمىلاپ، دىنىي ئۆچمەنلىكنى كۈچەيتىپ كېلىۋاتقان رادىكالىزم، زوراۋانلىق ـ تېررورلۇقنىڭ ئىدىيەۋى ئاساسىغا ئايلىنىپ قالدى''. ۋاڭ زوئەن مۇنداق دەپ قارىدى: ئەسەبىيلىكنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە يامرىشىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە، جۈملىدىن دىنىي ساھە ئورتاق تىرىشىشى، ھادىسە ۋە ماھىيەتنى تەڭ تۈزەپ، ئۇنۇمۇرسال تۈزەشكە ئاتلىنىشى كېرەك. قانۇندىن پايدىلىنىپ ئەسەبىي ئىدىيەنى توسۇپ، بۇنى قانۇني كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك؛ تەشۋىقات ۋە تەربىيەنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ئىنتېرنېت ـ مېدىيا ۋاستىلىرىغا ئەھمىيەت بېرىپ، توغرا، ئىجابىي پىكىر ئېقىمى ۋە يۆنىلىشىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئەسەبىيلىكنىڭ يامرىشىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەش كېرەك؛ دىنىي زاتلارنىڭ ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ سەپسەتىلىرىگە سىستېمىلىق ھالدا رەددىيە بېرىپ، مۇسۇلمان ئاممىنى توغرا ئېتىقاد تىكلەپ ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرۇشقا يېتەكلەش كېرەك؛ (داۋامى 6 ـ بەتتە)

المسلم الصينى

# مۇندەرىجە

## ئالاھىدە خەۋەرلەر

ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇراھال يول تۇتۇش ئىدىيەسى خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى.........................................................(1،6)

ئوتتۇراھال يول تۇتۇش ئىدىيەسىنى تەشەببۇس قىلىپ، ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرايلى — ئىسلام دىنى ئوتتۇراھال يول تۇتۇش ئىدىيەسى خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنى تەشەببۇسنامىسى...........................................(4)

ئىسلام دىنى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى قەشقەردە ئېچىلدى ............... (62)

## ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد-سالام ئېيتىش ...........................................ئابدۇقاھار ئابدۇۋارىس (9)

مەرفۇ، مۇتتەسىل ۋە مۇسنەد قاتارلىق ھەدىسشۇناسلىق ئاتالغۇلىرى توغرىسىدا.............................ئابدۇقادىرجان تۇرسۇن(15)

## قۇرئان كەرىم تەپسىرى

ئاللاھنىڭ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىشىنى ياقتۇرمامسىلەر؟ — سۈرە«نۇر» 22-ئايەتنىڭ بىر قىسمىنىڭ قىسقىچە تەپسىرى ..........................................شىھابىدىن ئابدۇلئەھەد(19)

## ھەدىس شەرىف تەھلىلى

”مەن يېتىمنى باققۇچى ئادەم بىلەن جەننەتتە مۇشۇنداق يېقىن تۇرىمەن“ دېگەن ھەدىسنىڭ قىسقىچە شەرھىسى.......................................................مۇھەممەدجان تىلىۋالدى(23)



جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى
中国穆斯林
(پەسىللىك ژۇرنال ئومۇمىي 120-سان)
(季刊 总第120期)
پەخرىي باش مۇھەررىر: شەمشىددىن ھاجى
باش مۇھەررىر: ئادىل ھاجى كېرىم
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ھاجى بارات رەجەپ
مۇھەررىرلەر: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد
مۇھەممەدئابدۇللا ئۆمەر
مۇھەممەدئەمىن مەخمۇت
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى، تېخرىداكتور:
شەمشىنۇر ھوشۇر
名誉主编：夏米西丁・哈吉
主编：阿地里江・阿吉克力木
副主编：巴拉提・拉吉甫
编辑：安尼玩买买提
买买提阿布拉・艾买尔
买买提明・买合木提
美编、排版：夏美希努尔・吾守尔
刊号 خەلقئارالىق نومۇرى : ISSN1007－5836
دۆلەت ئىچى نومۇرى: CN11－1346/B
邮发代号 : 58—167: پوچتا ۋاكالەت نومۇرى
E-mail: hedayet@126.com
جەمىيىتىمىز ئۇيغۇرچە تور بېتىگە قەدەم تەشرىپ قىلىڭ:
http://uyghur.chinaislam.net.cn

CHINA MUSLIM

# مۇندەرىجە

## ئەمەل- ئىبادەت


ئىسلامدىكى ئىبادەت.......................مۇھەممەد ئابدۇرېھىم(29)


## ۋەز-تەبلىغ


ئىسلام تىنچلىق دىيمەكتۇر ..................................................

...................................ئەخمەت مەتنىياز داموللا ھاجى(33)

ئىسلام دىنى تەرەققىياتنى تەشەببۇس قىلىدۇ.........................................

................................ھەزرىتى ئەلى غازى(38)


## ئەدەپ-قائىدە


پەرزەنتلەرگە ياخشى مەنىلىك ئىسىم قويۇش ئاتا-ئانىلارنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر

.......................................ئابدۇۋاھاب مۇھەممەد(41)


## ئاتا-ئانىلار ۋە پەرزەنتلەر


ئاتا-ئانىغاۋاپادارلىق قىلىش ئاللاھنىڭ ئەمرىدۇر ....................................

..................................ئالىمجان ئابدۇراخمان(49)


## ئىسلام ئالىملىرى


ئىمام مۇسلىم ۋە ئۇنىڭ كىتابى «سەھىھ مۇسلىم» توغرىسىدا...........................

.....................................مۇھەممەدئابدۇللا ئۇمەر(56)


## ئوقۇرمەنلەر ساداسى


تەقۋادار مۇئمىنلەردىن بولايلى.....................................................

.........................................ئىبراھىم ئابلىتىپ(60)


مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: غۇلجا بەيتۇللاھ مەسچىتى

بۇ سان 2016 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشردىن چىقتى

ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغا تەۋە. ھەرقانداق ئورۇن ياكى شەخسلەرنىڭ رۇخسىتىمىزنى ئالماي تۇرۇپ، ژۇرنىلىمىزدىكى ئەسەرلەرنى تورغا چىقىرىش، توپلام تۈزۈش ياكى باشقىچە ئۇسۇلدا ئىشلىتىشى مەنئى قىلىنىدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلار قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.


2016

3

**مەسئۇل ئورۇن:** دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى
**باشقۇرغۇچى:** جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
**تۈزگۈچى، نەشر قىلغۇچى:** «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
**باسقۇچى:** بېيجىڭ خوڭۋېي شۇاڭخۇا باسما چەكلىك شىركىتى
**مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى:**
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى؛ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
**ئادرېس:** بېيجىڭ شەھىرى شىچېڭ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103 ـ قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 100053
**تېلېفون نومۇرى:** 59313021 ,59313090 (010)
**شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى:**
ئۈرۈمچى شەھىرى خېيلۇڭجياڭ يولى 280 ـ قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 830002؛
**ئالاقىلەشكۈچى:** مۆھتەرەم شىرىپ، مۇھەممەدئەلى
**تېلېفون نومۇرى:** 5508063 (0991)
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ(بېيجىڭ 399 ـ خەت ساندۇقى)

主管单位：国家宗教事务局
主　　办：中国伊斯兰教协会
编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部
印　　刷：北京宏伟双华印刷有限公司
订阅、发行：全国各地邮局，乌鲁木齐市邮政局；《中国穆斯林》维编部
地址：北京市西城区南横西街 103 号
邮编：100053
电话：（010） 59313090，59313021
新疆发行站：乌鲁木齐市黑龙江路 280 号
邮编：830002　电话：（0991）5508063
联系人：木哈提然木・西日甫，买买提艾力
国外发行：中国国际图书贸易公司
（北京 399 信箱）

www.uyghurkitap.com



# ئوتتۇراھال يول تۇتۇش ئىدىيەسىنى تەشەببۇس قىلىپ، ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرايلى

## ــ ئىسلام دىنى ئوتتۇراھال يول تۇتۇش ئىدىيەسى خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنى تەشەببۇسنامىسى

(2016 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى)

2016 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، جۇڭخۇا دىنى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتى بىلەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بىرلىكتە جۇڭگو شىنجاڭ ئۈرۈمچىدە ”ئوتتۇراھال يول تۇتۇش ئىدىيەسىنى تەشەببۇس قىلىپ، ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرايلى“ تېمىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇراھال يول تۇتۇش ئىدىيەسى خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى. جۇڭگو، رۇسىيە، قازاقىستان، تاجىكىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستاندىن كەلگەن داڭلىق دىنىي زاتلار، ئىسلام ئالىملىرى ۋە ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى دۇنيانىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىۋاتقان زوراۋانلىق، تېررورلۇق، ئەسەبىيلىك ۋەقەلىرىگە قارىتا، ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇراھال يول تۇتۇش روھىنى چوڭقۇرلاپ تەھلىل قىلدى؛ ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇردى، ئىسلام دىنىنىڭ ياخشى ئوبرازىنى قوغداش ھەققىدە ئورتاق تونۇشقا كەلدى. نەتىجىدە، ۋەكىللەر تۆۋەندىكى ئورتاق تەشەببۇسنامىنى جاكارلىدى:

### 1. ئوتتۇراھال يول تۇتۇش، كەڭ قورساق بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەسەبىيلىك ۋە رادىكاللىقتىن ساقلىنايلى

ئوتتۇراھال يول تۇتۇش ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەل ـ ئىبادەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئەمەل قىلىدىغان تۈپ پرىنسىپى. بۈگۈنكى كۈندە، ئوتتۇراھال يول تۇتۇش، كەڭ قورساق بولۇش ئىسلام دۇنياسى تەشەببۇس قىلىۋاتقان ئاساسىي ئېقىم ۋە قىممەت قارىشىغا ئايلىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە سىڭىپ كىردى. بىز قول تۇتۇشۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇراھال يول تۇتۇش، كەڭ قورساق بولۇش ئىدىيەسىنى بىرلىكتە تەشەببۇس قىلىشىمىز ھەم جانلاندۇرۇشىمىز كېرەك؛ ئىسلام دىنىنىڭ ھەققىي روھىنى تەشۋىق قىلىش، خاتا ۋە بىر تەرەپلىمە قاراشلارنى تۈگىتىش، جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە دۇنيا تىنچلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بۇنىڭ ناھايىتى مۇھىم زامانىۋى ئەھمىيىتى بار.

نۆۋەتتە، ئاز بىر قىسىم يامان غەرەزلىك ئۇنسۇرلار ئايەت ـ ھەدىسلەرنىڭ ھەققىي مەنىسىگە قارىماي، ئايەتلەرنىڭ نازىل بولۇش ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئويلاشماي، ”جىھاد“ ۋە ”ھىجرەت“نىڭ مەنىسىنى بۇرمىلاپ، مۇسۇلمان ئەمەسلەردىن چەك ـ چېگرا ئايرىش سەپسەتىسى ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا خالىغانچە ھۆكۈم قىلىش ئىغۋاسىنى تارقىتىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش بىلەن ھۆكۈمدارغا بويسۇنۇش ئىدىيەۋى تەشەببۇسىنى ئايرىۋېتىپ، ئېتىقاد بىلەن رەھىمدىللىكنى ھەم ئايرىۋېتىپ، مۇسۇلمان خەلق بىلەن ھۆكۈمەتنى بىر ـ بىرىگە دۈشمەن قىلىپ، مۇسۇلمان بىلەن مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ ئىناقلىقىنى بۇزۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىغا، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە خەلقنىڭ ئامانلىقىغا زىيانكەشلىك قىلماقتا.

بىزنىڭ قارىشىمىز شۇكى: بىرىنچى، ”جىھاد“نىڭ چوڭ ـ كىچىكلىك پەرقى بار. چوڭ ”جىھاد“ ئىنساننىڭ ئۆز نەپسى بىلەن جىھاد قىلىشىنى، ئۆز روھىنى پاكلىشىنى كۆرسىتىدۇ؛ كىچىك ”جىھاد“ دۈشمەنلەر ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندە ھەققانىيەت يولىدا جەڭ قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ھالبۇكى ھەرقانداق شەخسنىڭ كىچىك ”جىھاد“نى ئېلان قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ؛ ئىككىنچى، ئەگەر بىر دۆلەت ئۆز پۇقرالىرىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلغانلا بولىدىكەن ”ھىجرەت“ قىلىش يوق؛ ئۈچىنچى، ماتۇرىدى ۋە ئەشئەرى ئەقىدىسىدە ”دىلدا تەستىق قىلىش، تىلدا ئىقرار قىلىش“ ئىماننىڭ ئاساسلىق شەرتى دەپ قارىلىدۇ. ھېچكىمنىڭ باشقا بىراۋغا خالىغانچە ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقى يوق؛ تۆتىنچى، ئەسەبىي كۈچلەر ئىسلام بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، بىگۇناھ كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەتلى قىلىۋاتىدۇ، بۇ ۋەھشىيلىك ئاللاھنىڭ قەھر ـ غەزىپىنى قوزغايدۇ، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ قاتتىق جازاسىغا ئۇچرايدۇ؛ ئۇ رادىكال كۈچلەرنى ئازغۇنلۇقتىن قۇتۇلۇپ، ئاشقۇنلۇق، رادىكاللىقتىن يېنىپ، ئاللاھنىڭ توغرا يولىغا قايتىشقا ئۈندەش كېرەك.

### 2. ئېسىل ئەنئەنىنى ھۆرمەتلەپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشكە ئەھمىيەت بېرەيلى

يىغىنغا قاتناشقان ھەرقايسى دۆلەت مۇسۇلمانلىرى

ئىسلام دىنىنىڭ ھەنەفىي مەزھىپى ۋە ماتۇرىدى ـ ئەشئەرى ئەقىدىسىگە تەۋە. ھەنەفىي مەزھىپى ئوتتۇراھال يول تۇتۇش، كەڭ قورساق بولۇش، ئەقىلگە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن داڭ قازانغان بولۇپ، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ مۇھىم ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. ماتۇرىدى ـ ئەشئەرى ئەقىدىسىمۇ ئېتىقاد مەسىلىسىدە ۋەھيى بىلەن ئەقىلنىڭ ھەر ئىككىسىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ؛ كەڭ قورساق بولۇش، مۆتىدىل بولۇش، ئوتتۇراھال يول تۇتۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ؛ ئەقىلنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئەمما ئەقىلنى ۋەھيىنىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ قويمايدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ قەدىرلىشىمىز ۋە ۋارىسلىق قىلىشىمىز كېرەك بولغان قىممەتلىك بايلىقتۇر.

تەجدىد(يېڭىلاش، يېڭىلىنىش) ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىدۇر. ھەنەفىي مەزھىپى ئايەت ـ ھەدىسلەردىن چەتنىمىگەن ئاساستا ئەقىل ئىشلىتىپ يېڭىلىق يارىتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بىز بۇ ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ ئايەت، ھەدىس، قىياس ۋە ئىجمائ ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ، زامان تەرەققىياتىغا ماس كەلمەيدىغان ئىدىيە ۋە تەشەببۇسلارنى قايتىدىن تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىشنى، ئايەت ـ ھەدىسلەر ئارقىلىق خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشى ۋە ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ئۇيغۇن چۈشەنچە بېرىشنى تەشەببۇس قىلىمىز.

### 3.مەدەنىيەتلەر ئارا دىيالوگنى قانات يايدۇرۇپ، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، بىر-بىرىمىزنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆگىنەيلى

ئىسلام دىنى ئىنسانلار ئورتاق بىر مەنبەدىن كەلگەن دەپ قارايدۇ، مىللەتلەر، مەدەنىيەتلەر ئارا دىئالوگقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. بۇ، ئىنسانلارنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنىڭ ئاساسى، ھەر قەۋمنىڭ تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشى، پىكىرلىشىشى ۋە ھەمكارلىشىشىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك يولىدۇر. ئاللاھ ئىنسانلارنى ياراتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا تونۇشۇشى، پىكىرلىشىشى، بىر ـ بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆگىنىشى، بىر ـ بىرىنى ئاسرىشى، ئىناقلىقتا بىللە تۇرۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى ھەر خىل مىللەت، رايون ۋە ئېتىقادقا تەۋە قىلدى. مەدەنىيەتلەرنىڭ كۆپ خىللىقى ئاللاھنىڭ كامالىي قۇدرىتىنىڭ بىر ئالامىتىدۇر؛ ئىنسانلار تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىدۇر.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**"(ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ) ھەربىرىگە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن"**{سۈرە«يۇنۇس»(10 ـ سۈرە)، 47 ـ ئايەت}؛ **"(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق"**{سۈرە «ئەنبىيا»(21 ـ سۈرە)، 107 ـ ئايەت}.

بۇ ئايەتتىن مەلۇمكى، ئىسلام دىنى دۇنيادىكى بارلىق قەۋمگە تەڭ باراۋەر مۇئامىلە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۈگۈنكى ئىسلام دۇنياسى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ ئارىلىشىپ ئۆتۈشىنى، ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا باغلىنىش، ئۆزئارا تايىنىش ئاساسىدا ياشىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، ئۆزئارا دىيالوگ ۋە كەڭ قورساقلىق، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆزئارا ئۆگىنىش بولغاندىلا خىلمۇخىل نۇر، رەڭلەر ئورتاق جىلۋىلىنىپ، كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتلەرنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بىز ئېتىقاد ئارقىلىق چەك ـ چېگرا ئايرىشقا، ئايرىمچىلىق، زىددىيەت تېرىشقا قارشى تۇرىمىز؛ مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى دەيدىغان سەپسەتىگىمۇ قارشى تۇرۇپ، دىيالوگ ئارقىلىق ئۇقۇشماسلىقنى تۈگىتىشنى، كەڭ قورساقلىق ئارقىلىق تالاش ـ تارتىشنى ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىمىز.

### 4.مەدەنىيەت ۋە مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىپ، ياش ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلەيلى

ئىلغار مائارىپ مۇسۇلمانلارنىڭ توغرا يولدا مېڭىش، ئەسەبىيلىكتىن ساقلىنىشىدىكى مۇھىم ھالقىدۇر. بىز مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىتتىپاقلىق، ئوتتۇراھال يول تۇتۇش، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كەڭ قورساقلىق، دىيالوگ ۋە ھەمكارلىقنى تەشەببۇس قىلىشىمىز، مۇسۇلمان ئەمەسلەرنى ھۆرمەتلەپ، ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرگە بويسۇنۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى تىرىشىپ تەشۋىق قىلىشىمىز، يېڭى ئەۋلاد مۇسۇلمان ياشلارنى زەھەرلىك ئىدىيەنىڭ تەسىرىدىن، ھەتتا رادىكالىزمنىڭ ئازدۇرۇشى ۋە پايدىلىنىپ كېتىشىدىن ساقلىشىمىز كېرەك. بىز بۇ ياشلارغا بولغان تەربىيەنى كۈچەيتىپ، ئۇلارغا ئىسلام دىنىنىڭ تىنچلىق، ئوتتۇراھال يول تۇتۇش ئىدىيەسىنى چۈشەندۈرۈپ، قوبۇل قىلدۇرۇپ ھەم ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاپ، رادىكالىزمنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ئاڭلىق ساقلىنالايدىغان ھەم ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالايدىغان قىلىشىمىز كېرەك.

uyghurkitap.com



# ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇراھال يول تۇتۇش ئىدىيەسى خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى

*مىللەتلەر ئارا ئالاقە ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مەدەنىيەتلەر بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش، ئوخشاشلىقلاردا بىرلىككە كېلىپ، پەرقلەرنى ساقلاپ قېلىش، ئىناقلىقتا بىللە تۇرۇشتەك ئېسىل ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ ھەم ئۇنى جانلاندۇرۇپ، ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرىدىغان گۈزەل ئىجتىمائىي مۇھىت بەرپا قىلىش كېرەك؛ خەلقنىڭ تۇرمۇشنى داۋاملىق ياخشىلاپ، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى ئىلغار مائارىپتىن بەھرىمەن قىلىش كېرەك، ئاممىنىڭ ئەسەبىيلىككە قارىتا ئىممۇنىت كۈچىنى ئاشۇرۇش لازىم. ئۇ مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: ”دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ يامرىشى دۇنيا خاراكتېرلىك ئاپەتكە ئايلاندى. بۇنىڭ ئۈچۈن، خەلقئارا جەمئىيەت چوقۇم ئىتتىپاقلىشىشى كېرەك. ھەرقايسى دۆلەتلەر تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ بىرلىك سەپ بەرپا قىلغاندا، بىر ـ بىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ ياردەم قىلغاندا، بىر ـ بىرىنى قوللاپ قۇۋۋەتلىگەندە كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيدۇ. جۇڭگو، روسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى بىر ـ بىرىگە قوشنا، بىر ـ بىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىدۇ، ھەر قايسى ھۆكۈمەت تېررورلۇق، بۆلگۈنچىلىك، رادىكالىزمغا قارشى تۇرۇشتا ھەمكارلىشىپ، رايون تىنچلىقى ۋە بىخەتەرلىكىنى ئۈنۈملۈك قوغدىشى كېرەك؛ ھەرقايسى دۆلەت ئۆلىمالىرى بۆلگۈنچىلىك ۋە رادىكالىزمغا قارشى تۇرۇش جەھەتتە ئالاھىدە رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشى كېرەك“.

ھىلالىدىن چىن گۇاڭيۈەن ئاخۇن تەبرىك سۆزىدە مۇنداق دېدى: ئىسلام دىنى ئوتتۇراھال يول تۇتۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرىدىغان دىن؛ مۇسۇلمانلارمۇ ئوتتۇراھال بولۇشقا ئەمەل قىلىپ، ئەسەبىيلىكتىن، ئاشقۇنلۇقتىن يىراق تۇرىدىغان كىشىلەردۇر. ئوتتۇراھاللىقنى تەشەببۇس قىلىپ، ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرۇش ئايەت ـ ھەدىسلەردىمۇ تەلەپ قىلىنغان ئەمەل بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكەت ئۆلچىمى ھېسابلىنىدۇ. ھىلالىدىن چىن گۇاڭيۈەن ئاخۇن ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق مەنبەدىن كەلگەنلىكىنى تەكىتلەيدىغانلىقىنى، مىللەتلەر ۋە مەدەنىيەتلەر ئارا دىئالوگ ـ ئالاقىنى قانات يايدۇرۇشقا، ئۆزئارا ھەمكارلىشىشقا ئىلھام بېرىدىغانلىقىنى شەرىئەت نۇقتىسىدىن بايان قىلىپ، ئەسەبىيەتچىلەرنىڭ باشقىلارغا خالىغانچە ھۆكۈم قىلىش، خالىغانچە تۆھمەت قىلىش، ھىجرەت ۋە جىھادنى قارىسىغا كۆپتۈرۈشتەك سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بەردى. ئۇ ئالاھىدە تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: ”مۇسۇلمانلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئىلىمگە ئەھمىيەت بېرىدىغان، مەرىپەتنى ئۇلۇغلايدىغان روھىنى جانلاندۇرۇپ، ياش ئەۋلادلارغا ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ۋە قىممىتىنى تونۇتۇپ، ئەسەبىيلىكنىڭ جاھالەتلىكى ۋە زىيانكەشلىكىگە ئۆزلۈكىدىن تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك“. ئۇ ھەرقايسى دۆلەتتىن كەلگەن دىنىي زاتلارنى بۇ قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنىدىن پايدىلىنىپ ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇراھال يول تۇتۇش ئىدىيەسىنى بىرلىكتە تەشۋىق قىلىشقا، ئەسەبىيلىككە بىرلىكتە قارشى تۇرۇشقا، شەرىئەت ـ ئەھكاملارنى توغرا ئىگىلەپ ۋە چۈشەندۈرۈپ، ئىسلام دىنى بىلەن بۈگۈنكى جەمئىيەتنىڭ يەنىمۇ ياخشى ماسلىشىشىغا تۈرتكە بولۇشقا چاقىرىق قىلدى.

ئېچىلىش مۇراسىمىدا، روسىيە مۇپتىلار ھەيئىتىنىڭ رەئىسى شەيخ لاۋىر غەينۇددىن، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت ـ مائارىپ مىنىستىرلىقى دىن ئىشلىرى ھەيئىتىنىڭ رەئىسى شايقىن جالىم، قىرغىزىستان مۇپتىسى، قىرغىزىستان مۇسۇلمانلىرى دىن ئىشلىرى ھەيئىتىنىڭ رەئىسى شەيخ مەقسەتبېك توختىمۇش، شۇنداقلا تاجىكىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان ۋەكىللىرى يىغىن تېمىسىدا ئايرىم ـ ئايرىم سۆز قىلدى. ئۇلار مۇنداق دەپ قارىدى: ھازىر دۇنيادا ئەسەبىيلىك، زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ، پۈتۈن رايون ۋە دۇنيانىڭ تىنچلىقىغا ئېغىر خەۋپ يەتكۈزۈۋاتقان، ئىنسانىيەتكە خىرىس قىلىۋاتقان زور مەسىلىگە ئايلاندى. ئىسلام دىنىنىڭ ئەسەبىيلىك بىلەن قىلچە باغلىنىشى بولمىسىمۇ، ئەسەبىي كۈچلەر دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ خەلقنى خاتا يولغا

---

*بېشى 1 ـ بەتتە

يېتەكلەپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈۋەتتى. ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى دىن ئەھلى ئاكتىپ ھەرىكەتكە كېلىپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ تىنچلىق، ئوتتۇراھال يول تۇتۇش ئىدىيەسىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، باشقا مىللەتلەر، دىنلار، مەدەنىيەتلەر بىلەن بولغان ئالاقە ۋە ئۆزئارا ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ دۇنيا تىنچلىقىنى قوغدىشى، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى ۋە مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

رۇسىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى بىلەن دۆلىتىمىزدىكى مۇسۇلمانلار ھەنەفىي فىقھىسىغا تەۋە، ئەقىدە-ئەھكاملار بىر-بىرىگە ئوخشىشىدۇ؛ يەنە كېلىپ ئۇ دۆلەتلەر شىنجاڭ بىلەن قوشنا بولۇپ، دىنىي ئەسەبىيلىك، زوراۋانلىق، تېررورلۇقنىڭ تەھدىتى ۋە خىرىسىغا ئوخشاشلا دۇچار بولماقتا. يىللاردىن بۇيان بۇ دۆلەتلەر ئەسەبىيلىكنى يوقىتىش جەھەتتە ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىپ مۇئەييەن تەجرىبىلەرنى توپلىدى. بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنى مەزكۇر دۆلەتلەردىكى مەشھۇر دىنىي زاتلار، داڭلىق ئالىملار ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملار بىلەن چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇرۇشنى، ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇراھال يول تۇتۇش، كەڭ قورساق بولۇش، ۋەتەنپەرۋەرلىك، تىنچلىق، ئىتتىپاقلىق، رەھىمدىللىك روھىنى بايان قىلىشنى، ئەسەبىيلىك، زوراۋانلىق، تېررورلۇق سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بېرىپ، خەلقئارا ئىسلام ئېقىمى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاپ، مۇسۇلمانلارنى توغرا ئېتىقاد، توغرا ئەمەلگە، ئوتتۇراھال يولدا مېڭىشقا يېتەكلەشنى مەقسەت قىلىدۇ.

بۇ قېتىمقى خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنى 2016-يىلى 7-ئاينىڭ 21-كۈنى شىنجاڭ ئۈرۈمچىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتى. دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ جيەنيۇڭ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جارۇللا ھىسامىددىن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى چېڭ جېنشەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى بەدرىددىن گو چېڭجېن، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 3-مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى يۈسۈپ ما جىن، تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى شياۋ خۇڭ قاتارلىقلار يېپىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ جيەنيۇڭ خۇلاسە سۆزى قىلدى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇستافا ياڭ جىبو مۇراسىمغا رىياسەتچىلىك قىلدى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئادىل ھاجى كېرىم يىغىنغا قاتناشقان ھەرقايسى دۆلەت ۋەكىللىرىگە ۋاكالىتەن ”ئوتتۇراھال يول تۇتۇش ئىدىيەسىنى تەشەببۇس قىلىپ، ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرايلى“ دېگەن تېمىدا تەشەببۇسنامە ئېلان قىلدى.

جياڭ جيەنيۇڭ سۆزىدە يىغىننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشقانلىقىنى تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە يىغىندا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى خۇلاسىلىدى؛ يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ سۆھبەت، مۇھاكىمە ئارقىلىق ھاسىل قىلغان ئورتاق تونۇشىدىن زوقلانغانلىقىنى ئېيتتى ھەمدە بۇ يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈردى، شۇنداقلا ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن ۋەكىللەرگە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنى جۇڭگو تۇنجى بولۇپ ئۆتكۈزگەن ئىسلام خەلقئارالىق مۇھاكىمە يىغىنى بولۇپ، جۇڭگونىڭ رۇسىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ۋەكىللىرى سۆھبەت-مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، ئوتتۇراھال يول تۇتۇش ۋە ئىناقلىقنى تەشەببۇس قىلىپ، ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرۇش ھەققىدە ئورتاق تەشەببۇسنامە چىقىرىشى ناھايىتى مۇھىم ۋە چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. تارىخ ۋە رېئاللىق بىزگە شۇنى بىلدۈردىكى، ئىسلام دىنى ئوتتۇراھال يول تۇتۇش ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرغاندىلا دەۋر تەرەققىياتىغا ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ماسلىشالايدۇ، شۇنداقلا توغرا تەرەققىيات يۆنىلىشىنى ساقلاپ ساغلام تەرەققىياتنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ھۆكۈمەت، ئىلىم ساھەسى، دىنىي زاتلار ۋە مۇسۇلمان ئامما، شۇنداقلا خەلقئارا جەمئىيەت ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك. ھۆكۈمەت قاتلىمىدىن ئېيتقاندا، ھۆكۈمەت ئىسلام دىنى ساھەسىنىڭ ئۆز ئاساسىنى مۇستەھكەملىشىنى قوللىشى كېرەك. ئىسلام دىنى ساھەسىدىن ئېيتقاندا، شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دىنىي زاتلار بىلەن ئېتىقادچى ئاممىنىڭ ئەسەبىيلىككە بىرلىكتە قارشى تۇرۇش مۇداپىئە لىنىيەسىنى مۇستەھكەملىشى كېرەك. خەلقئارا قاتلامدىن ئېيتقاندا،

جۇڭگو، رۇسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى، شۇنداقلا دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرۇش جەھەتتە ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشى كېرەك.

يىغىن جەريانىدا، باش تېمىنى چۆرىدىگەن ئاساستا جەمئىي بەش مەيدان نۇتۇق سۆزلەندى. يىغىنغا قاتناشقۇچى دۆلەتلەر ۋەكىللىرىدىن جەمئىي 29 كىشى نۇتۇق سۆزلىدى. يىغىندا قۇرئان، ھەدىس، ھەنەفىي فىقھىسى، ماتۇرىدى ـ ئەشئەرى ئەقىدىسىدىكى ئوتتۇراھال يول تۇتۇش ئىدىيەسى ۋە نەزەرىيەسى، تارىختا ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئوتتۇراھال يول تۇتۇش ئىدىيەسى ۋە بۇنى ئىپادىلەيدىغان كونكرېت ئىش ـ ئەمەللىرى مۇھاكىمە قىلىندى؛ ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلار دۇچ كېلىۋاتقان خىرىسقا قانداق يۈزلىنىش ۋە زىددىيەتنى قانداق ھەل قىلىش، ئوتتۇراھال يول تۇتۇش ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلىپ، ئەسەبىيلىككە قانداق تاقابىل تۇرۇش ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇرۇلدى؛ بىر ياخشى مۇسۇلمان بىلەن بىر ياخشى پۇقرانىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق ھەل قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە سۆھبەت ئېلىپ بېرىلدى. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇراھال يول تۇتۇش روھىنى چوڭقۇر شەرھلەپ، ئەسەبىيلىكنىڭ تۈرلۈك سەپسەتىلىرىگە كۈچلۈك رەددىيە بەردى.

يىغىنغا قاتناشقان ھەرقايسى دۆلەت ۋەكىللىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى بىلەن، بۇ قېتىمقى يىغىن كۆڭۈل بۆلىدىغان تۆۋەندىكى مەسىلىلەردە ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدى: ئوتتۇراھال يول تۇتۇش ۋە كەڭ قورساق بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەسەبىيلىك ۋە ئاشقۇنلۇقتىن ساقلىنىش؛ ئېسىل ئەنئەنىنى ھۆرمەتلەپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش؛ مەدەنىيەتلەر ئارا دىيالوگنى قانات يايدۇرۇپ، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە بىر ـ بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلىش؛ مەدەنىيەت ۋە مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىپ، ياش ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش.

«تەشەببۇسنامە»دە مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: ئوتتۇراھال يول تۇتۇش ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەل ـ ئىبادەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئەمەل قىلىدىغان تۈپ پرىنسىپى. بۈگۈنكى كۈندە، ئوتتۇراھال يول تۇتۇش، كەڭ قورساق بولۇش ئىسلام دۇنياسى تەشەببۇس قىلىۋاتقان ئاساسىي ئېقىم ۋە قىممەت قارىشىغا ئايلىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە سىڭىپ كىردى. ئەسەبىي كۈچلەر ئىسلام بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، بىگۇناھ كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەتلى قىلىۋاتىدۇ، بۇ ۋەھشىيلىك ئاللاھنىڭ قەھر ـ غەزىپىنى قوزغايدۇ، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ قاتتىق جازاسىغا ئۇچرايدۇ؛ ئۇ رادىكال كۈچلەرنى ئازغۇنلۇقتىن قۇتۇلۇپ، ئاشقۇنلۇق، رادىكاللىقتىن يېنىپ، ئاللاھنىڭ توغرا يولىغا قايتىشقا ئۈندەش كېرەك.

«تەشەببۇسنامە»دە يەنە مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: تەجدىد(يېڭىلاش، يېڭىلىنىش) ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىدۇر. ھەنەفىي مەزھىپى ئايەت ـ ھەدىسلەردىن چەتنىمىگەن ئاساستا ئەقىل ئىشلىتىپ يېڭىلىق يارىتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بىز بۇ ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئايەت، ھەدىس، قىياس ۋە ئىجمائ ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ، زامان تەرەققىياتىغا ماس كېلەلمەيدىغان ئىدىيە ۋە تەشەببۇسلارنى قايتىدىن تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىشنى، ئايەت ـ ھەدىسلەر ئارقىلىق خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى ۋە ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ئۇيغۇن چۈشەنچە بېرىشنى تەشەببۇس قىلىمىز.

«تەشەببۇسنامە»دە مۇنداق دېيىلدى: شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، ئۆزئارا دىيالوگ ۋە كەڭ قورساقلىق، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆزئارا ئۆگىنىش بولغاندىلا خىلمۇخىل نۇر، رەڭلەر ئورتاق جىلۋىلىنىپ، كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتلەرنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بىز ئېتىقاد ئارقىلىق چەك ـ چېگرا ئايرىشقا، ئايرىمچىلىق، زىددىيەت تېرىشقا قارشى تۇرىمىز؛ مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى دەيدىغان سەپسەتىگە قارشى تۇرۇپ، دىيالوگ ئارقىلىق ئۇقۇشماسلىقنى تۈگىتىشنى، كەڭ قورساقلىق ئارقىلىق تالاش ـ تارتىشنى ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىمىز.

«تەشەببۇسنامە»دە يەنە مۇنداق دېيىلدى: بىز ياشلارغا بولغان تەربىيەنى كۈچەيتىپ، ئۇلارغا ئىسلام دىنىنىڭ تىنچلىق، ئوتتۇراھال يول تۇتۇش ئىدىيەسىنى چۈشەندۈرۈپ، قوبۇل قىلدۇرۇپ ھەم ئەمەلىيەتتە تەتبىقلاپ، رادىكالىزمنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ئاگاھلىق ساقلىنالايدىغان ھەم ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالايدىغان قىلىشىمىز كېرەك. (ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد-سالام ئېيتىش



ئابدۇقاھار ئابدۇۋارىس

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ساھابىلىرى بىلەن مەسچىتتە ئولتۇرۇۋاتسا مەسچىتكە بىر كىشى كىرىپ ناماز ئوقۇيدۇ. ھەدىس مەنبەلىرىدە ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغان بۇ كىشى ئۆزى يالغۇز ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن اَللّٰهُمَّ اغْفِرْ لِي، وَارْحَمْنِي (ئى ئاللاھ! مېنى كەچۈرگىن، ماڭا رەھىم قىلغىن)، دەپ دۇئا قىلىشقا باشلىغاندا[1]، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "**بۇ ئادەم ئالدىراپ قالدى**" دەپ، ئۇ كىشىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇ كىشىگە ياكى ئەتراپىدىكى ساھابىلىرىگە مۇنداق دېگەن: "**كىمكى دۇئا قىلماقچى بولسا، ئاۋۋال ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتسۇن، ئاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە دۇرۇد ئېيتسۇن. ئاندىن كېيىن خالىغىنىچە دۇئا قىلسۇن**"[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ تەۋسىيەلەردىن كېيىن، دۇئا قائىدىسىگە ئۇيغۇن ھالدا ئاۋۋال ئاللاھقا شۈكرى ئېيتىپ، ئۇنى ئۇلۇغلاپ، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئوقۇغان باشقا بىر ساھابىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ: "دۇئا قىلغىن، ئىجابەت قىلىنىدۇ. تىلىگىن بېرىلىدۇ"[3] دېگەن. دۇئا قىلىشنىڭمۇ باشقا ئىشقا ئوخشاش ئۆزىگە يارىشا ئەدەب-قائىدىسى بار. كىشى ئاۋۋال ياردەم تىلىمەكچى بولغان ئاللاھ تائالاغا ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا لايىق رەۋىشتە ھەمدۇسانا ئېيتىپ، ئۇنىڭ ھوزۇرىدا شاپائەت قىلىدىغان زات پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ۋە سالام يوللىشى كېرەك.

بۇ ئىككى ھەدىستە دۇئا قىلغاندا ئاللاھقا ھەمدى ئېيتىش ۋە رەسۇلۇللاھقا دۇرۇد ئوقۇش تەكىتلەنگەن. "سالات(يەنى دۇرۇد)" كەلىمەسى

---

[1] تىرمىزى، 3476-ھەدىس، كىتابۇد دەئەۋات.

[2] ئەبۇ داۋۇد، 1481-ھەدىس، كىتابۇس سالات، ۋىتر بابى؛ تىرمىزى، 3477-ھەدىس، كىتابۇد دەئەۋات.

[3] نەسائى، 1285-ھەدىس، كىتابۇس سەھۋ.

www.uyghurkitap.com

دۇئا، رەھمەت ۋە مەغپىرەت مەنىسىدە بولۇپ، خاتىرجەملىك ۋە تىنچلىق مەنىسىدىكى "سالام" سۆزى بىلەن قوشۇلۇپ "سالاتۇ سالام (دۇرۇد ۋە سالام يوللاش)" دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. تىلىمىزدا قىسقارتىلىپ "دۇرۇد ئوقۇش" دېيىلىدۇ. دۇرۇدنى ئىپادىلەيدىغان ئىبارىلەردىن ئەنئەنىمىزدە كەڭ ئومۇملاشقانلىرى: "ئەلەيھىسسالام"، "ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام" ۋە "سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم" قاتارلىقلاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ ئىبارىلەر بىلەن دۇرۇد ئېيتىش، ئۇنىڭغا بولغان ساداقىتىمىزنى، چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە ھۆرمىتىمىزنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىنلەرگە بولغان رەھمىتى(دۇرۇدى) بايان قىلىنغان[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئمىنلەرگە بولغان دۇئاسى(دۇرۇدى)مۇ تىلغا ئېلىنغان[2] ۋە مۇئمىنلەر ئۈچۈن دۇئا(دۇرۇد) قىلىشى تەلەپ قىلىنغان[3]. يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ﴿**ئاللاھ پەيغەمبەرگە رەھمەت قىلىدۇ، پەرىشتىلەرمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەيدۇ؛ ئى مۇئمىنلەر! سىلەر پەيغەمبەر ئۈچۈن دۇرۇد ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار**﴾[4].

ئەنئەنىۋى قاراشلارغا ئاساسلانغىنىمىزدا، سالات(دۇرۇد) ئاللاھتىن بولسا "رەھمەت"؛ پەرىشتىلەردىن بولسا "مەغپىرەت"؛ مۇئمىنلەردىن بولسا "دۇئا" دېيىلىدۇ، يەنى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە سالات(دۇرۇد) ئېيتىشى، ئۇنى ماختىغانلىقى، تەبرىكلىگەنلىكى، پاكلىغانلىقى، ياردەم قىلغانلىقى، رەھمەت ئېيتقانلىقى ۋە مەغپىرەت قىلغانلىقىدۇر؛ پەرىشتىلەرنىڭ سالات(دۇرۇد) ئېيتىشى، دۇئا قىلغانلىقى ۋە مەغپىرەت تىلىگەنلىكىدۇر؛ مۇئمىنلەرنىڭ سالات(دۇرۇد) ئېيتىشى، دۇئا قىلغانلىقى، ياخشى كۆرگەنلىكى، تەبرىكلىگەنلىكى، رەھمەت، بەرىكەت ۋە شەپقەت تىلىگەنلىكىدۇر[5].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئمىنلەرگە ئامراقلىقى ۋە ناھايىتى كۆيۈمچان ئىكەنلىكى قۇرئان كەرىمدە ئېنىق كۆرسىتىلگەن[6]. ئۇنىڭ دۇئاسى مۇئمىنلەرگە خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ[7]. چۈنكى، چۈنكى، رەسۇلۇللاھ مۇئمىنلەرنى ئۆز نەپسىدىنمۇ چارە كۆرىدۇ[8].

رەھمەت پەيغەمبىرى مۇئمىنلەرنى ئۆز ئائىلە ئەزاسىدەك كۆرۈپ، ئۇلارنى قوغداپ، ئۆز قوينىغا ئېلىپ كەلگەن. ھەتتا يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان بىر قىسىم پىتنىلەر ھەققىدە ئۇلارغا ئالدىن بېشارەت بەرگەن[9]. كېچىدە ئوت قالىغان كىشى ئوتقا ئۆزىنى ئېتىۋاتقان پەرۋانىلەرنى قۇتقۇلدۇرۇشقا ئۇرۇنغىنىدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۈممىتىنى دوزاخقا چۈشۈپ كېتىشتىن ئۇلارنى بەلبېغىدىن تۇتۇپ توسۇپ قېلىشقا ئۇرۇنغان[10]. ئۈممىتى ئۈچۈن رەھمەت، خاتىرجەملىك ۋە بەرىكەت مەنبەسى بولغان دۇئاسىنى كەم قىلمىغان[11]. ھېساب ئېلىنىدىغان مەھشەر كۈنىدە ئاللاھ تائالاغا سەجدىگە باش قويۇپ: "ئەي رەببىم! ئۈممىتىم! ئۈممىتىم!" دەپ مۇئمىنلەرگە مەغپىرەت ۋە شاپائەت تىلەيدىغانلىقىنى بايان قىلغان[12].

زامان، ماكان، ئىرق ۋە مەدەنىيەت ئايرىماستىن، ئىمان ئېيتقان ھەربىر مۇئمىننى دۇنيا ـ ئاخىرەتتىكى ئەڭ يېقىن ئادىمى دەپ بىلگەن[13]. ھەقىقىي دوستىنىڭ ئاللاھ تائالا ۋە

---

1 سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 157 ـ ئايەت؛ سۈرە«ئەھزاب»(33 ـ سۈرە)، 43 ـ ئايەت.

2 سۈرە«تەۋبە»(9 ـ سۈرە)، 99 ـ ئايەت.

3 سۈرە«تەۋبە»(9 ـ سۈرە)، 103 ـ ئايەت.

4 سۈرە«ئەھزاب»(33 ـ سۈرە)، 56 ـ ئايەت.

5 ئىسفەھانى، مۇفرەدات، 870—871 ـ بەتلەر؛ ئىبنى مەنزۇر، لىسانۇل ئەرەب، 28 ـ جىلد، 2489 ـ بەت.

6 سۈرە«تەۋبە»(9 ـ سۈرە)، 128 ـ ئايەت.

7 سۈرە«تەۋبە»(9 ـ سۈرە)، 103 ـ ئايەت.

8 سۈرە«ئەھزاب»(33 ـ سۈرە)، 6 ـ ئايەت.

9 بۇخارى، 7081 ـ ھەدىس، كىتابۇل فىتەن.

10 مۇسلىم، 5955 ـ ھەدىس، كىتابۇل فەزائىل؛ بۇخارى، 6483 ـ ھەدىس، كىتابۇر رىقاق.

11 بۇخارى، 1006 ـ ھەدىس، كىتابۇل ئىستىسقا؛ ئەبۇ داۋۇد، 2606 ـ ھەدىس، كىتابۇل جىھاد.

12 بۇخارى، 7510 ـ ھەدىس، كىتابۇت تەۋھىد؛ مۇسلىم، 479 ـ ھەدىس، كىتابۇل ئىمان.

13 بۇخارى، 4781 ـ ھەدىس، كىتابۇت تەفسىر(ئەھزاب سۈرىسى).

مۇئمىنلەر ئىكەنلىكىنى[1] ئىپادىلىگەن.

ئۇلۇغ پەيغەمبەرىمىز بۇ خىل رەۋىشتە بارلىق مۇئمىنلەر بىلەن قان - قېرىنداشلىقتىنمۇ ئۇستۇن يۇكسەك دەرىجىدىكى يېقىنلىق، رەھمەت، بەرىكەت ۋە ئىمانىي مۇناسىۋەت ئورناتقان. مۇبارەك پەيغەمبىرىمىزگە دوستلۇق ۋە يېقىنلىقنى ئىپادىلەش، مۇھەببەت باغلاش ۋە ھۆرمەت كۆرسىتىش ئىماننى كامىللىقنىڭ شەرتىدۇر[2].

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇئمىنلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئۈلگە ۋە نۇرلۇق چىراق قىلىپ ئەۋەتكەن بولۇپ[3]، مۇئمىنلەردىن ئۇنىڭغا دۇرۇد يوللاشنى ۋە ئامانلىق تىلەشنى تەلەپ قىلغان[4].

ساھابىلەر پۈتۈن ھاياتىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتلىرىغا ئۇيغۇن ئۆتكۈزگەن. پەيغەمبەرگە بولغان ساداقىتىنى، مۇھەببەت ۋە ھۆرمىتىنى ھەر پۇرسەتتە ئىزھار قىلغان. بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن بەلكى سۆيگۈ - مۇھەببىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرىدىغان، ئۇنىڭغا چىن كۆڭۈلدىن يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋە ھەر دائىم ئۇنىڭ بىلەن مەنىۋى مۇناسىۋەتنى ساقلايدىغان بىر ۋاسىتە ئىزدىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەر خىل ئىشلاردا مەسلىھەت سوراپ تۇرىدىغان ساھابىلەر، بۇ ھەقتىمۇ ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورىغان.

ئەبۇ مەسئۇد ئەل ئەنسارىي ئىسمى بىلەن مەشھۇر ساھابە ئۇقبە ئىبنى ئەمر مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى سەئد ئىبنى ئۇبادەنىڭ سورۇنىدا ئولتۇرۇۋاتاتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىمىزغا چىقىپ كەلدى. بەشر ئىبنى سەئد ئۇنىڭدىن: ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ تائالا بىزنى ساڭا دۇرۇد ۋە سالام ئوقۇشقا بۇيرىدى. ئەمدى قانداق دۇرۇد ئوقۇيمىز؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىردەم جىمىپ قالدى. بىز كاشكى، بەشر بۇ سوئالنى سورىمىسا بوپتىكەن، دەپ قالدۇق. بىردەمدىن كېيىن ئۇ: اللَّهُمَّ صَلِّ عَلَى مُحَمَّدٍ، وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ، كَمَا صَلَّيْتَ عَلَى آلِ

[1] بۇخارى، 5990 - ھەدىس، كىتابۇل ئەدەب؛ مۇسلىم، 519 - ھەدىس، كىتابۇل ئىمان.

[2] بۇخارى، 15 - ھەدىس، كىتابۇل ئىمان.

[3] سۈرە «ئەھزاب» (33 - سۈرە)، 21، 45 ۋە 46 - ئايەتلەر.

[4] سۈرە «ئەھزاب» (33 - سۈرە)، 56 - ئايەت.

إِبْرَاهِيمَ، وَبَارِكْ عَلَى مُحَمَّدٍ، وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ، كَمَا بَارَكْتَ عَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ، إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ "ئى ئاللاھ! مۇھەممەدكە ۋە مۇھەممەدنىڭ جەمەتىگە (خۇددى) ئىبراھىمنىڭ جەمەتىگە رەھمەت قىلغانىدەك رەھمەت قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن مەدھىيەگە لايىقسەن، ئۇلۇغسەن. ئى ئاللاھ! مۇھەممەدكە ۋە مۇھەممەدنىڭ جەمەتىگە (خۇددى) ئىبراھىمنىڭ جەمەتىگە رەھمەت قىلغانىدەك رەھمەت قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن مەدھىيەگە لايىقسەن، ئۇلۇغسەن، دەڭلار" دېدى[5].

ھەج مەزگىلىدە چېچىنى چۈشۈرۈشكە مەجبۇر بولۇپ قالغاندا، فىدىيە ئايىتى نازىل بولغان كەئب ئىبنى ئۇجرە[6]، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۆگەنگەن دۇرۇد ۋە سالام يوللاشنى بىر ھەدىيە دەپ قاراپ، بۇ گۈزەل ھەدىيەنى يۇقىرىدىكى ئىبارىلەردىن سەل پەرقلىق شەكىلدە يېقىنلىرىغا ئۆگەتكەن[7]. يەنە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكىدەك دۇرۇد ئوقۇشقا تەۋسىيە قىلغان ھەدىسى بار: "**ئى ئاللاھ! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمەتىگە رەھمەت قىلغانىدەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، مۇئمىنلەرنىڭ ئانىلىرى بولغان ئاياللىرىغا ۋە ئەۋلادلىرىغا رەھمەت قىلغىن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمەتىگە بەخت ئاتا قىلغانىدەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، مۇئمىنلەرنىڭ ئانىلىرى بولغان ئاياللىرىغا ۋە ئەۋلادلىرىغا بەخت ئاتا قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن مەدھىيەگە لايىقسەن، ئۇلۇغسەن**"[8].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە دۇرۇد ئېيتىشنى ئۆگىتىش بىلەنلا قالماستىن، ئۇلارغا دۇرۇدنىڭ قايسى ئورۇندا ۋە قانداق ئېيتىلىدىغانلىقىنىمۇ ئۆگەتكەن. ئەڭ پەزىلەتلىك ئىبادەت ھېسابلىنىدىغان نامازنىڭ[9] ئاخىرقى تەشەھھۇتتىن كېيىنلا دۇرۇد ۋە سالام ئېيتىشنى تەلەپ قىلغان. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: "ئەزان ئاڭلىغان

[5] مۇسلىم، 907 - ھەدىس، كىتابۇس سالات؛ بۇخارى، 6357 - ھەدىس، كىتابۇد دەئەۋات.

[6] سۈرە «بەقەرە» (2 - سۈرە)، 196 - ئايەت.

[7] مۇسلىم، 908 - ھەدىس، كىتابۇس سالات.

[8] مۇسلىم، 911 - ھەدىس، كىتابۇس سالات.

[9] مۇسلىم، 252 - ھەدىس، كىتابۇل ئىمان.

www.uyghurkitap.com



چېغىڭلاردا، مۇئەززىن نېمە دېسە شۇنى دەڭلار. ئاندىن كېيىن ماڭا دۇرۇد ئوقۇڭلار. كىمكى ماڭا بىر دۇرۇد ئېيتسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئون رەھمەت ئاتا قىلىدۇ. ئاندىن كېيىن ئاللاھ تائالادىن ماڭا ۋەسىلە سوراڭلار، ۋەسىلە دېگەن جەننەتتىكى بىر يۇقىرى ئورۇن بولۇپ، ئۇ پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىدىن بىرىلا بەندىگە بېرىلىدۇ. شۇ بەندىنىڭ مەن بولۇپ قېلىشىمنى ئۈمىد قىلىمەن، كىمكى ئاللاھ تائالادىن ماڭا شۇ ئورۇننى تىلىسە، ئۇنىڭغا مېنىڭ شاپائىتىم تېگىشلىك بولىدۇ"[1]. پەيغەمبىرىمىز مەسچىتكە كىرگەندە: "ئى ئاللاھ! **گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھمەت دەرۋازىلىرىڭنى ئاچقىن**"[2] دەپ دۇئا قىلاتتى. بۇ ئارقىلىق ئۇممىتىگە ئۈلگە بولاتتى. پەيغەمبىرىمىز جۈمە كۈنى ھەققىدە سۆزلەپ: "**جۈمە كۈنىدە ماڭا دۇرۇدنى كۆپ ئېيتىڭلار. جەزمەنكى سىلەرنىڭ ئېيتقان دۇرۇدىڭلار ماڭا توغرىلىنىپ تۇرىدۇ**"[3] دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتلىرىغا ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كەلگەن ساھابىلەرنىڭ بىر نەچچە ئىشتا پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتقانلىقى مەلۇم. ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسى ئالدىدا ئۇنىڭغا دۇرۇد ئېيتقان؛ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ تۇپراق بېشىدا دۇرۇد ئېيتقان[4]. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەفا ۋە مەرۋە تېغى ئارىسىدا سەئيي قىلغاندا دۇرۇد ئوقۇشنى تەلەپ قىلغان[5]. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خۇتبىنى ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ۋە سالام بىلەن باشلايتتى[6]. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جىنازە نامىزىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ۋە سالام يوللايتتى[7].

---

[1] مۇسلىم، 849 ـ ھەدىس، كىتابۇس سالات.

[2] تىرمىزى، 314 ـ ھەدىس، كىتابۇس سالات؛ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، 6 ـ جىلد، 26948 ـ ھەدىس.

[3] ئەبۇ داۋۇد، 1047 ـ ھەدىس، كىتابۇس سالات؛ ئىبنى ماجە، 1085 ـ 1085 ـ ھەدىس، كىتابۇ ئىقامەتىس سالات.

[4] مۇۋەتتا، 402 ـ ھەدىس، كىتابۇ قەسرىس سالات.

[5] بەيھەقى، سۇنەنۇل كۇبرا، 5 ـ جىلد، 9426 ـ ھەدىس.

[6] ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، 1 ـ جىلد، 1051 ـ ھەدىس.

[7] ئەزىم ئابادى، ئەۋنۇل مەئبۇد، 354 ـ ھەدىس، 8 ـ جىلد، 354 ـ بەت.

دۇرۇد ۋە سالام ئېيتقان كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەسلەش بىلەن بىرلىكتە، ئاللاھ تائالانىمۇ ياد ئەتكەن بولىدۇ. مۇبارەك بىر زاتنى ئۆزلىرىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا تەشەككۈر ئېيتىدۇ. ئاللاھنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئاللاھ ۋە پەيغەمبەر بىلەن ھەمىشە ئالاقە باغلىغان ھالەتتە تۇرىدۇ. ئۇلارنى ياد ئېتىش بىلەن ھوزۇرلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "**ماڭا دۇرۇد ئېيتىڭلار، چۈنكى، بۇ سىلەرنى پاكلىغۇچىدۇر**"[8] دېيىش ئارقىلىق، دۇرۇد ۋە سالام ئېيتىشنىڭ گۇناھلارنى پاكلايدىغان ۋاستە ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلغان. خۇددى زاكىتى بېرىلگەن مالنىڭ پاكلانغىنىغا ئوخشاش، ئاللاھنى ۋە پەيغەمبەرنى ياد ئەتكەن ۋە ئەسلىگەن كىشىنىڭمۇ گۇناھلىرىدىن پاكلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ۋە سالام ئېيتىش ئۇنىڭغا بولغان مىننەتدارلىق بۇرچىمىزنى ئادا قىلىشتۇر. چۈنكى، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ھىدايەت تېپىشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان. ساھابىلەردىن باشلاپ پۈتۈن مۇئمىنلەر ئۇنىڭ تەلىماتى ئارقىلىق سائادەتكە ئېرىشكەن. شۇڭا مۇئمىنلەر ئۇنىڭغا دۇرۇد ۋە سالام ئېيتىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك بىر پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىدۇ. ئۇنىڭغا بولغان ساداقىتىنى، ئىخلاسىنى ۋە مىننەتدارلىقىنى ئىپادىلەشتىن ھۇزۇر ۋە بەخت ھېس قىلىدۇ.

دۇرۇد ئېيتىش، پەيغەمبەرگە بولغان مۇھەببەتنىڭ ئېلان قىلىنىشى؛ ئۇنىڭغا ۋە سۈننىتىگە ئەگەشكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى؛ رەھمىتىنى تىل ئارقىلىق ئىپادىلەش، قوللاش، ساداقىتىنى كۆرسىتىش ۋە مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشنىڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇلىدۇر. ئەمما، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىخلاس قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش ئېغىزاكى ئىپادىلەش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلارغا ئېلىپ كەلگەن شەرىئىتى قەلبلەرگە خىتاپ قىلىش بىلەن بىرگە، ھاياتقا ۋە ئەمەلي

---

بەت.

[8] ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، 8755 ـ ھەدىس، 2 ـ جىلد، 364 ـ بەت.

تۇرمۇشقا بىۋاستە خىتاپ قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ياشىغان كىشىلەر، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە ئۇنىڭغا سادىق ياشاش بىلەنلا كۇپايىلەنمەستىن، ئۇنىڭغا قانداق دۇرۇد ۋە سالام ئېيتىشنىمۇ سورىغان. دۇرۇد ۋە سالامنى پەقەت تىلنىڭ ئۇچىدىلا ئوقۇپ قويۇش، دۇرۇدنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن ھەقىقىي مەنىسىگە يات. رەسۇلۇللاھقا تىلدا دۇرۇد ۋە سالام ئېيتىش بىلەن بىرگە، ئۇ ئېلىپ كەلگەن ۋەھيىگە ئەگىشىش ۋە ئۇنى ھاياتقا ئۇلگە قىلىش كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: **‹‹ماڭا دۇرۇدنى ئەڭ كۆپ ئېيتقان كىشىلەر قىيامەت كۈنى ماڭا ئەڭ يېقىن تۇرىدىغان كىشىلەردۇر››**[1] دېگەن ھەدىسىدىن، ئۇممەتنى بىلەن ئۆزى ئارىسىدىكى چوڭقۇر مۇناسىۋەتنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ سۈننىتىگە چىڭ يېپىشقانلار، تەلىماتلىرىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرگە يەتكۈزگەنلەر ئۇنىڭغا ئەڭ كۆپ دۇرۇد ۋە سالام ئېيتىدىغانلاردۇر؛ ئۇنىڭ بىلەن ھەم ئىمانىي ھەم روھىي جەھەتتە سەممىي مۇناسىۋەت ئورناتقانلاردۇر. قىيامەت كۈنىگە ئاللاھ ۋە پەيغەمبىرىگە بولغان سۆيگۈسىنى تەييارلاپ قويغانلىقىنى ئېيتقان بىر ساھابىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **‹‹كىشى (قىيامەت كۈنى) ياخشى كۆرگەن ئادىمى بىلەن بىللە بولىدۇ››**[2] دېگەن. كىشىلەرگە جەننەتكە كىرىشنىڭ بىردىنبىر يولىنىڭ ئاللاھقا ئىشىنىش ئىكەنلىكىنى[3] ئەسكەرتىشىمۇ بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرىدۇ. دۇرۇد ۋە سالامنى تىلدا سۆزلەشنىڭ مۇھىملىقى، ئۇنىڭ ھاياتىمىزغا ئەمەلىي تەسىر قىلىدىغان بىر تەرىپىنىڭ بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

كىشىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانى ياد ئېيتىشى پەقەت تەكبىر ئېيتىش بىلەنلا چەكلەنمىگەنگە ئوخشاش، پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتىشىمۇ دۇرۇد ۋە سالام يوللاش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ‹‹ئاللاھ›› دېگەن سۆزنى تىلدىن چۈشۈرمەسلىك، تەكبىر ئېيتىش ۋە

[1] تىرمىزى، 484 ـ ھەدىس، كىتابۇس سالات، ۋىتر بابى.

[2] تىرمىزى، 2385 ـ ھەدىس، كىتابۇز زۇھد؛ بۇخارى، 6168 ـ ھەدىس، كىتابۇل ئەدەب.

[3] مۇسلىم، 194 ـ ھەدىس، كىتابۇل ئىمان.

قېلىپلاشقان ئىبارىلەر بىلەن دۇرۇد، سالام يوللاش ئەلۋەتتە مۇھىم. ئەمما ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرگە بولغان مۇھەببەت پەقەت بۇ ئىبارىلەرنى سۆزلەپ قويۇشقىلا باغلىق بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. بىر ھەدىستە، بىرەر سورۇندا ئولتۇرۇپ ئاللاھنى ياد ئەتمەي ۋە پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتماي تۇرۇپ كەتكەنلەر ئەيىپلەنگەن[4]. بۇ يەردىكى مۇھىم نۇقتا، ئاللاھنىڭ ئەمر ـ پەرمانى ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەخلاق تەلىماتلىرىغا زىت سۆز ـ ھەرىكەتلەرنى قىلماسلىق، زىكىر ۋە دۇرۇدلاردا ئاللاھ ۋە پەيغەمبىرى ياقتۇرمايدىغان ئىبارىلەرنى ئىشلەتمەسلىكتۇر. سورۇننى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش بىلەن باشلاش ئالقىشلاشقا تېگىشلىك ياخشى ئىش. بۇ يەردىكى دۇرۇدنىڭ ئەسلى تەلىپى، سورۇنلارنى رەسۇلۇللاھنىڭ تەلىماتلىرىغا ئۇيغۇن شەكىلدە تۈزۈش ۋە ئۇ بېكىتىپ بەرگەن ئۆلچەم بويىچە يوللۇق ئىش ـ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. ‹‹مېنىڭ نامىم تىلغا ئېلىنغاندا، ماڭا دۇرۇد ئېيتمىغان كىشى خار ـ زار بولسۇن››[5]. **‹‹كىمكى ماڭا دۇرۇد ۋە سالام يوللاشنى ئۇنۇتسا، جەننەت يولىدىن ئاداشقان بولىدۇ››**[6]. **‹‹كىمكى مېنىڭ نامىم ئۇنىڭ ئالدىدا تىلغا ئېلىنغاندا دۇرۇد ئېيتمىسا، ئۇ كىشى بېخىل ھېسابلىنىدۇ››**[7] دېگەندەك ھەدىسلەردە ئەيىپلەنگەن كىشىلەرنىڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغاندا ئىختىيارىي ھالدا ئۇنىڭغا دۇرۇد ۋە سالام ئېيتمىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتماسلىقىمىز لازىم.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: **‹‹ئۆيۈڭلارنى قەبرىستانلىقتەك (نامازدىن خالىي) قىلىپ قويماڭلار. قەبرەمنى ھېيتگاھ قىلىۋالماڭلار (سىلەر مېنىڭ قەبرەمنى زىيارەت قىلىمىز دەپ ھېيت بولغاندەك قەبرەمگە توپلىشىۋالماڭلار)، ماڭا دۇرۇد ئېيتىڭلار. قەيەردە بولماڭلار، دۇرۇدۇڭلار ماڭا يېتىپ تۇرىدۇ››**[8] دېگەن ھەدىسىدە قەبرىسىنىڭ ھېيت ـ بايرام كۈنلىرىدىكىدەك توپلىشىپ، تەنتەنە قىلىدىغان

[4] تىرمىزى، 3380 ـ ھەدىس، كىتابۇد دەئەۋات.

[5] تىرمىزى، 3545 ـ ھەدىس، كىتابۇد دەئەۋات.

[6] ئىبنى ماجە، 908 ـ ھەدىس، كىتابۇ ئىقامەتىس سالات.

[7] تىرمىزى، 3546 ـ ھەدىس، كىتابۇد دەئەۋات.

[8] ئەبۇ داۋۇد، 2042 ـ ھەدىس، كىتابۇل مەناسىك.

ئورۇنغا ئوخشىتىپ قويۇلماسلىقى ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرغان. يەنە بىر ھەدىستە، قەبرىسىنىڭ ئىبادەتگاھقا ئايلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن دۇئا قىلغان[1]. بۇ خىل يىغىلىشلارنىڭ ئورنىغا دۇرۇد ۋە سالام يوللاشنى تەلەپ قىلغان. رەسۇلۇللاھ، سۈننىتىگە ئەگەشكەن ۋە ئۇنىڭ ھاياتىنى ئۆرنەك قىلىپ، ئىخلاسىنى تەرك ئەتمىگەن مۆئمىنلەردىن ئىنتايىن مەمنۇن بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ۋە سالام يوللاش كىشىلەرنىڭ ئۆز كەملىكىدىن ياتلىشىپ، ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە مۇبارەك پەيغەمبىرىنىڭ تەلىماتلىرىغا ئېرىشىشىمىزغا ياردەم قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹‹**ماڭا دۇرۇد ۋە سالام ئېيتىڭلار، تىرىشىپ دۇئا قىلىڭلار ۋە اَللّٰهُمَّ صَلِّ عَلَى مُحَمَّدٍ، وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ(ئى ئاللاھ! مۇھەممەدكە ۋە مۇھەممەدنىڭ جەمەتىگە رەھمەت قىلغىن)، دەڭلار**››[2] دېگەن. ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىپ، تەسبىھ ئېيتقان كىشىگە ئاللاھ تائالانىڭ ئون ھەسسە ساۋاب بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلغان[3] ۋە ئۆزىگە دۇرۇد ئېيتقانلارغا بېرىلىدىغان ساۋاب ھەققىدە: ‹‹**كىمكى ماڭا بىر دۇرۇد ئېيتسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئون رەھمەت ئاتا قىلىدۇ**››[4] دېگەن.

خۇلاسە كالام، دۇرۇد ئېيتىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىمىزنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ شاپائىتىگە نائىل بولۇشىمىزغا ۋەسىلە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى مۇكەممەل ئورۇندىغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇنى ماختاش، ھۆرمەتلەش ۋە ئۇنىڭغا رەھمەت، ئېھسان قىلىش ئۈچۈن دۇرۇد ئېيتىدۇ(رەھمەت قىلىدۇ). پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا رەھمەت تىلەش، شەنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن نېمىتىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىپ بېرىش ئۈچۈن دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭغا دۇرۇد ئېيتىدۇ(مەغپىرەت تىلەيدۇ). مۆئمىنلەر ئاخىرقى پەيغەمبەرگە بولغان سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىپ، ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ئىپادىلەپ ۋە ئۇنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۈلگىسى ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ دۇرۇد ئېيتىدۇ.

اَلصَّلَاة وَالسَّلَامُ عَلَيْكَ يَا رَسُولَ اللهِ!
اَلصَّلَاة وَالسَّلَامُ عَلَيْكَ يَا نَبِيَّ اللهِ!
اَلصَّلَاة وَالسَّلَامُ عَلَيْكَ يَا حَبِيْبَ اللهِ!

ئەسسالامۇ ۋەسسالامۇ ئەلەيكە يا رەسۇلاللاھ!
ئەسسالاتۇ ۋەسسالامۇ ئەلەيكە يا نەبىيەللاھ!
ئەسسالاتۇ ۋەسسالامۇ ئەلەيكە يا ھەبىيبەللاھ!

دۇرۇد ۋە سالام ساڭا بولسۇن، ئەي ئاللاھنىڭ ئەلچىسى!
دۇرۇد ۋە سالام ساڭا بولسۇن، ئەي ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!
دۇرۇد ۋە سالام ساڭا بولسۇن، ئەي ئاللاھنىڭ دوستى!

— «ھەدىسلەردە ئىسلام» ناملىق كىتابتىن تەرجىمە قىلىندى

(ئاپتور: خوتەن شەھىرىدىن، شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق تالىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: ئادىل ھاجى كېرىم)



[1] مۇۋەتتا، 419 ـ ھەدىس، كىتابۇ قەسرىس سالات.
[2] نەسائى، 1293 ـ ھەدىس، كىتابۇس سەھۋ.
[3] تىرمىزى، 3470 ـ ھەدىس، كىتابۇد دەئەۋات.
[4] مۇسلىم، 912 ـ ھەدىس، كىتابۇس سالات.



# مەرفۇ، مۇتتەسىل ۋە مۇسنەد قاتارلىق ھەدىسشۇناسلىق ئاتالغۇلىرى توغرىسىدا

ئابدۇقادىرجان تۇرسۇن

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ھەدىسلىرى بىزنىڭ دىنىي تۇرمۇشىمىزدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن ئىگىلەيدۇ. چۈنكى ھەدىس شەرىف شەرىئەت ئەھكاملىرىنى چىقىرىشتىكى تۆت مەنبە(قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىف، ئىجما ۋە قىياس)نىڭ ئىككىنچىسى، شۇنداقلا قۇرئان كەرىمنىڭ ئەمەلىي ئىزاھاتى ۋە شەرھىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتىدا ئۆزىنىڭ سۆزلىرى، ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ۋە تەقرىرى (باشقىلارنىڭ گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى قولللىغانلىقى ياكى قولللىغان تەرىزدە سۈكۈت قىلىشى) ئارقىلىق بىز مۇسۇلمانلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولسا، گۈزەل ئەخلاقىي ۋە مەنىۋى پەزىلەتلىرى ئارقىلىق ھەممە كىشىگە ئۈلگە بولغان. شۇڭلاشقا پەيغەمبىرىمىز قۇرئان كەرىمدە "وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلاَّ رَحْمَةً لِّلْعَالَمِينَ"، **"(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق"** {سۈرە«ئەنبىيا»(**21** ـ سۈرە)، **107** ـ ئايەت} دېگەن ئىلاھىي بايان ئارقىلىق "رەھمەت پەيغەمبىرى" دەپ سۈپەتلەنگەن.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك ھەدىسلىرىنى توغرا چۈشىنىش ۋە توغرا تەتبىقلاش بىز ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم بولۇپ، ھەدىسلەرنى چۈشىنىش ھەدىسكە دائىر ئاتالغۇلارنى توغرا چۈشىنىش ۋە بىلىۋېلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دىنىي كىتابلىرىمىزدا ھەدىس شەرىفكە ئالاقىدار "مەرفۇ"، "مۇتتەسىل"ۋە "مۇسنەد" دېگەندەك ئاتالغۇلارنى ئۇچرىتىمىز. ئۇنداقتا بۇ ئاتالغۇلار ئارىسىدا قانداق ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەر بار؟ بۇنى بىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بۇ سۆزلەرنىڭ ئەرەب تىلىدىكى ئەسلىي سۆز مەنىلىرى ۋە دىنىي ئاتالغۇ مەنىلىرىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. بىز تۆۋەندە بۇ ئاتالغۇلارنىڭ ئەسلىي سۆز مەنىسى ۋە دىنىي ئاتالغۇ مەنىسى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ چىقىمىز.

**1**. مەرفۇ(مَرْفُوعٌ). مەرفۇ دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدىكى "رَفَعَ(كۆتۈردى، ئۈستۈن قىلدى)" دېگەن سۆز بىلەن تومۇرداش بولۇپ، "ئۈستۈن، يۇقىرى، يۈكسەك" دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ھەدىسلەر يۈكسەك شەرەپ ئىگىسى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەۋە بولغاچقا "مەرفۇ(مَرْفُوعٌ)" دەپ ئاتالغان[1]. مەرفۇ

[1] ھەدىس ئاتالغۇلىرى ئاسانلاشتۇرۇش(تيسير مصطلح الحديث). شىنجاڭ

www.uyghurkitap.com



ئاتالغۇسى ئادەتتە يالغۇز ئىشلىتىلمەستىن، ھەدىس دېگەن سۆز بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ ”مەرفۇ ھەدىس(حَدِيثٌ مَرْفُوعٌ)“ دېگەن شەكىلدە ئىشلىتىلىدۇ. ھەدىسشۇناسلىقتا بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەۋە قىلىنغان ھەرقانداق سۆز، ئىش ـ ھەرىكەت ۋە تەقرىرلەر، شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جىسمانىي سۈپەتلىرى ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرىگە دائىر بايانلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ”مەرفۇ“ دەپ ئاتىلىدۇ[1]. بۇ جەھەتتە مەرفۇ ئاتالغۇسى ھەدىس دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئوخشىشىپ قالىدۇ. لېكىن ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەت، تەقرىرلىرىگە ئىشلىتىلگەندىن سىرت مەلۇم ئىزاھات ئاساسىدا ساھابىلەرنىڭ سۆزلىرى(مەۋقۇف ھەدىس) ۋە تابىئىنلەرنىڭ سۆزلىرى(مەقتۇ ھەدىس)گىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ”مەرفۇ“ بولسا، خاس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەۋە قىلىنغان سۆز، ئىش ـ ھەرىكەت ۋە تەقرىرلەرگىلا ئىشلىتىلىدۇ.

مەرفۇ ھەدىس تۆت تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، سۆز تەرىقىسىدىكى مەرفۇ ھەدىس(اَلْمَرْفُوعُ الْقَوْلِيّ) بولۇپ، ئۇ ئادەتتە ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن...“، ”مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم...“ دېگەندەك شەكىللەردە كېلىدۇ. مەسىلەن: عَنْ زَيْدِ بْنِ ثَابِتٍ قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللَّهِ -صلى الله عليه وسلم- يَقُولُ: ”نَضَّرَ اللَّهُ امْرَأً سَمِعَ مِنَّا حَدِيثًا فَحَفِظَهُ حَتَّى يُبَلِّغَهُ“. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ ”**بىزنىڭ ھەدىسىمىزنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئېسىدە ساقلاپ، (باشقىلارغا) يەتكۈزگەن كىشىنى ئاللاھ نۇرانە قىلسۇن**“ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم(ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

ئۇنىڭدىن باشقا ھەدىسنىڭ سەنەدىدە ساھابىلەرنىڭ ئىسمى چىققاندىن كېيىن ”يَرْفَعُ الْحَدِيثَ(ئۇ كىشى بۇ ھەدىسنى كۆتۈرىدۇ)“، ”يَبْلُغُ بِهِ(ئۇ كىشى بۇ ھەدىسنى يەتكۈزىدۇ)“، ”يَنْمِيهِ(ئۇ كىشى بۇ ھەدىسنى تەۋە قىلىدۇ)“ دېگەندەك ئىبارىلەر كەلسە، بۇنداق ھەدىس مەرفۇ دەپ قارىلىدۇ. مەسىلەن: عَنْ أَبِى هُرَيْرَةَ - يَرْفَعُهُ- قَالَ: ”لَوْلاَ أَنْ أَشُقَّ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ لأَمَرْتُهُمْ بِتَأْخِيرِ الْعِشَاءِ وَبِالسِّوَاكِ عِنْدَ كُلِّ صَلاَةٍ“. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ـ ئۇ كىشى بۇ ھەدىسنى(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا) كۆتۈرىدۇ ـ مۇنداق دېگەن: ”**مۆئمىنلەرگە ئېغىرچىلىق سېلىپ قويۇشتىن ئەنسىرىمىگەن بولسام، ئۇلارنى خۇپتەن نامىزىنى كېچىكتۈرۈپ ئوقۇشقا ۋە ھەر نامازغا مىسۋاك ئىشلىتىشكە بۇيرۇغان بولاتتىم**“(ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان).

بەزىدە ”رِوَايَةً(رىۋايەت قىلىپ)“ دېگەن سۆزمۇ ھەدىسنىڭ مەرفۇ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: عَنْ أَبِى هُرَيْرَةَ -رِوَايَةً- قَالَ: ”لِلَّهِ تِسْعَةٌ وَتِسْعُونَ اسْمًا مِائَةٌ إِلَّا وَاحِدًا لاَ يَحْفَظُهَا أَحَدٌ إِلاَّ دَخَلَ الْجَنَّةَ وَهُوَ وِتْرٌ يُحِبُّ الْوِتْرَ“. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ـ(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن) رىۋايەت قىلىپ ـ مۇنداق دېگەن: ”**ئاللاھ تائالانىڭ توقسان توققۇز، يەنى بىرى كەم يۈز ئىسمى بار بولۇپ، ئۇنى يادلىغان كىشى جەننەتكە كىرىدۇ. ئاللاھ تاق (يەككە يېگانە )تۇر. تاقنى ياخشى كۆرىدۇ**“(بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

ئىككىنچىسى، ئىش ـ ھەرىكەت تۈسىنى ئالغان مەرفۇ ھەدىس(اَلْمَرْفُوعُ الْفِعْلِيّ)تۇر. بۇ خىل ھەدىسلەر ئادەتتە ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق قىلغان ئىدى...“، ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم...“ دېگەندەك شەكىللەردە كېلىدۇ. مەسىلەن: عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ:”كَانَ رَسُولُ اللَّهِ صلى الله عليه وسلم يُصَلِّى الضُّحَى أَرْبَعًا وَيَزِيدُ مَا شَاءَ اللَّهُ“. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: ”**رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم چاشكا نامىزىنى تۆت رەكئەت ئوقۇيتتى. (بەزىدە) ئاللاھ خالىغانچە زىيادە قىلاتتى**“(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئۈچىنچىسى، تەقرىرى مەرفۇ ھەدىس(اَلْمَرْفُوعُ التَّقْرِيرِيّ). بۇ تۈردىكى ھەدىسلەر ئادەتتە ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا مۇنداق قىلدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن توسمىدى“، ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا مۇنداق قىلىندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى چەكلىمىدى“ دېگەندەك سۆزلەر بىلەن كېلىدۇ. مەسىلەن: قَالَ خَالِدُ بْنُ الْوَلِيدِ:أَحَرَامٌ الضَّبُّ يَا رَسُولَ اللَّهِ! قَالَ: ”لاَ، وَلَكِنَّهُ لَمْ يَكُنْ بِأَرْضِ قَوْمِى فَأَجِدُنِى أَعَافُهُ“. قَالَ خَالِدٌ:فَاجْتَرَرْتُهُ فَأَكَلْتُهُ وَرَسُولُ اللَّهِ صلى الله عليه وسلم يَنْظُرُ فَلَمْ يَنْهَنِى. خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئى ئاللاھنىڭ

ئىسلام ئىنستىتۇتى باستۇرغان. 160 ـ بەت.

[1] ھەدىس شەرىف بىلىملىرى توپلىمى(موسوعة علوم الحديث الشريف). مىسىر جۇمھۇرىيىتى ۋەقفە ئىشلىرى مىنىستىرلىكى. 680 ـ بەت.

ئەلچىسى، كېلە[1] هاراممۇ؟ دەپ سورىدى(داستىخانغا قاقلاپ پىشۇرۇلغان كېلە بار ئىدى)، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ''**ياق، لېكىن كېلە مېنىڭ قەۋمىمنىڭ يۇرتىدا يوق ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇنى يېيىشنى ياقتۇرمايمەن**'' دېدى. خالىد ئىبنى ۋەلىد مۇنداق دېگەن: مەن كېلەنى ئېلىپ يېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاراپ تۇردى، مېنى توسمىدى(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

تۆتىنچىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جىسمانىي سۈپەتلىرى ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرىگە دائىر مەرفۇ ھەدىس(اَلْمَرْفُوعُ الْوَصْفِيّ). بۇ خىلدىكى ھەدىسلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جىسمانىي سۈپەتلىرى ياكى ئەخلاق ـ پەزىلىتىگە دائىر بىرەر بايان سۆزلەنگەن بولىدۇ. مەسىلەن: عَنْ عَلِيٍّ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ: ''كَانَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَيْسَ بِالطَّوِيلِ وَلَا بِالْقَصِيرِ''. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ''پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېگىزمۇ ئەمەس، پاكارمۇ ئەمەس(ئېگىزگە مايىل ئوتتۇرا بوي) ئىدى''(ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان).

ھەدىسنىڭ مەرفۇ دەپ سۈپەتلىنىشى ئۇ ھەدىسنىڭ ئۆلىمالار تەرىپىدىن ئورتاق قوبۇل قىلىنغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ[2]. چۈنكى، مەرفۇ دېگەنلىك بۇ ھەدىسنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەۋە قىلىنغانلىقىنىلا كۆرسىتىدۇ. ھەرگىزمۇ بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدى(ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلار، رىۋايەت ھالقىلىرى)نىڭ تولۇق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ، يەنى مەرفۇ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە ئۈزۈك ئورۇن بولۇشى مۇمكىن.

2. مۇتتەسىل(مُتَّصِل). مۇتتەسىل دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدىكى ''اِتَّصَلَ(ئۇلاندى، باغلاندى)'' دېگەن سۆزنىڭ ئېنىق سۈپەتداش شەكلى بولۇپ، ''ئۇلانغان، ئۈزۈلۈپ قالمىغان'' دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ھەدىسشۇناسلىقتا بولسا، سەنەد(ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلار، رىۋايەت ھالقىلىرى) ئىچىدىن بىرمۇ راۋى

[1]كېلە\\كېلەر: ئى‹زوئول› سۆرەلگۈچى ھايۋان. شەكلى تام پاتمىچۇقىغا ئوخشايدۇ، لېكىن چوڭ، بېشى يوغان، دۈمبە تەرىپى كۈل رەڭ ھەم قىزىل رەڭلىك سەپكۈنلىرى بولىدۇ، پاشا، چىۋىن قاتارلىق ھاشاراتلارنى يەيدۇ، تېبابەتچىلىكتە ئۇنىڭدىن قۇۋۋەت دورىسى ياسىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى(قىسقارتىلمىسى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 936 ـ بەت.

[2]ھەدىس شەرىف بىلىملىرى توپلىمى(موسوعة علوم الحديث الشريف). مىسىر جۇمھۇرىيىتى ۋەقفە ئىشلىرى مىنىستىرلىكى. 681 ـ بەت.

چۈشۈپ قالمىغان ھەدىس ''مۇتتەسىل'' دەپ ئاتىلىدۇ[3]. بەزىدە ئۇ يەنە ''مەۋسۇل(مَوْصُول)'' دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مۇتتەسىل ئاتالغۇسى ئادەتتە يالغۇز ئىشلىتىلمەستىن ھەدىس ئاتالغۇسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ ''مۇتتەسىل ھەدىس'' شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ.

ھەدىسنىڭ مۇتتەسىل بولۇشىدا سەنەدىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىلا شەرت قىلىنغاچقا، مەيلى مەرفۇ ھەدىس بولسۇن ياكى مەۋقۇف ھەدىس بولسۇن سەنەدى ئۇلانغان بولسىلا مۇتتەسىل دەپ ئاتالسا بولۇۋېرىدۇ. مۇتتەسىل بولغان مەرفۇ ھەدىسنىڭ مىسالى: حَدَّثَنَا عَبْدُ اللهِ بْنُ يُوسُفَ عَنْ مَالِكٍ عَنْ أَبِي الزِّنَادِ عَنِ الْأَعْرَجِ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ: إِنَّ رَسُولَ اللهِصَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَقَالَ:"**إِذَا شَرِبَ الْكَلْبُ فِي إِنَاءِ أَحَدِكُمْ فَلْيَغْسِلْهُ سَبْعًا**''. ئىمام بۇخارى مۇنداق دېگەن: ئابدۇللا ئىبنى يۈسۈپ بىزگە ئىمام مالىكتىن ھەدىس رىۋايەت قىلىپ بەرگەن، (ئىمام مالىك) ئەبۇ زىنادتىن، (ئەبۇ زىناد) ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلغان، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقانكى: ''**سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ قاچىسىدىكى(سۇ ياكى تاماق)نى ئىت ئىچىپ قويسا، قاچىنى يەتتە قېتىم يۇيسۇن**''(«سەھىھۇلبۇخارى» **172** ـ ھەدىس).

مۇتتەسىل بولغان مەۋقۇف ھەدىسنىڭ مىسالى: عن مسلم بن أبي مريم عن أبي صالح عن أبي هريرة قال: ''**تُعْرَضُ أَعْمَالُ النَّاسِ كُلَّ جُمُعَةٍ مَرَّتَيْنِ يَوْمَ الاِثْنَيْنِ وَيَوْمَ الْخَمِيسِ فَيُغْفَرُ لِكُلِّ عَبْدٍ مُؤْمِنٍ إِلاَّ عَبْدًا كَانَتْ بَيْنَهُ وَبَيْنَ أَخِيهِ شَحْنَاءُ فَيُقَالُ: اتْرُكُوا أَوِ ارْكُوا عليه حَتَّى يَفِيئَا**''. ئىمام مالىك مۇسلىم ئىبنى ئەبۇ مەريەمدىن، (مۇسلىم ئىبنى ئەبۇ مەريەم) ئەبۇ سالىھتىن، (ئەبۇ سالىھ) ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلغان. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ''**كىشىلەرنىڭ نامۇ ـ ئەمەللىرى ھەر جۈمەدە(يەنى ھەر ھەپتىدە) ئىككى قېتىم(ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالاغا) كۆرسىتىلىدۇ. بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ خاتالىقى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. لېكىن قېرىندىشى بىلەن ئاداۋىتى بار كىشىنىڭلا خاتالىقى كەچۈرۈم قىلىنمايدۇ. (ئۇلار ھەققىدە) ياخشىلانغۇچە ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى قويۇپ تۇرۇڭلار، دېيىلىدۇ**''(ئىمام مالىك رىۋايەت قىلغان).

ھەدىس سەنەدىنىڭ مۇتتەسىل بولۇشى ھەدىسنىڭ سەھىھ بولۇش ئۆلچەملىرىدىن بىرى. لېكىن مەلۇم بىر

[3]مىشكاتۇلمەسابىھ. شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى باستۇرغان. 3 ـ بەت.

ھەدىسنىڭ سەنەدىنىڭ مۇتتەسىل بولغانلىقى ئۇ ھەدىسنىڭ سەھىھ ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. چۈنكى ھەدىسنىڭ سەھىھ بولۇشىدا سەنەد مۇتتەسىل بولغاندىن سىرت، يەنە راۋىلارنىڭ ئادىل كىشى بولۇشى، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنىڭ ياخشى بولۇشى، مەزكۇر ھەدىس باشقا ئىشەنچلىك ھەدىسلەرگە مەزمۇن جەھەتتە زىت بولۇپ قالماسلىقى ۋە يوشۇرۇن نۇقسانلاردىن خالىي بولۇشى قاتارلىق شەرتلەرمۇ تولۇق ھازىرلىنىشى كېرەك.

3. مۇسنەد(مُسنَد). مۇسنەد دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدىكى "أَسنَدَ(يۆلىدى، تەۋە قىلدى، مەنسۇپ قىلدى)" دېگەن سۆزنىڭ مەجھۇل سۈپەتداش شەكلى بولۇپ، "يۆلەنگەن، تەۋە قىلىنغان، مەنسۇپ قىلىنغان" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ھەدىسشۇناسلىقتا بولسا، سەنەد(ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلار، رىۋايەت ھالقىلىرى) ئىچىدىن بىرمۇ راۋى چۈشۈپ قالمىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەۋە قىلىنغان ھەدىسلەر "مۇسنەد" دەپ ئاتىلىدۇ[1]. مەلۇم بىر ھەدىس مۇسنەد بولۇش ئۈچۈن مەرفۇ بولۇشى ۋە مۇتتەسىل بولۇشى كېرەك. مەرفۇ ھەدىسنىڭ سەنەدى مۇتتەسىل بولمىسا، ئۇنداقتا ئۇ مۇسنەد بولالمايدۇ، شۇنداقلا مۇتتەسىل ھەدىس مەرفۇ بولماستىن، مەۋقۇف بولۇپ قالسا ئۇ ھەدىس يەنىلا مۇسنەد بولالمايدۇ.

ئىمام ھاكىم[2](ھىجرىيە 321—405) مۇنداق دېگەن: ھەدىسنىڭ مۇسنەد بولۇش شەرتى: مەۋقۇف (ساھابىلەرنىڭ سۆزى) بولماسلىق، مۇرسەل(راۋىلار ئارىسىدىن ساھابىنىڭ ئىسمى چۈشۈپ قالغان) بولماسلىق، مۇئزەل(راۋىلار ئارىسىدىن ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ كىشى چۈشۈپ قالغان) بولماسلىق ۋە راۋىلار ئارىسىدا مۇدەللىس(ھەدىسنىڭ سەنەدىدىكى ئەيىبنى يوشۇرىدىغان كىشى) بولماسلىق قاتارلىقلاردۇر[3].

مۇسنەد توغرىسىدا ئۆلىمالار تەرىپىدىن بايان قىلىنغان يەنە بىر قانچە خىل تەبىرلەر بار بولۇپ[4]، بۇلارنىڭ ئىچىدە بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن تەبىر جۇمھۇر ھەدىسشۇناس ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدۇر، ئىمام سۇيۇتى[5](ھىجرىيە 849—911) بۇ قاراشنى ئەڭ توغرا قاراش[6] دەپ ئىزاھلىغان. چۈنكى ئاتالغۇلارنى مۇئەييەن مەنا پەرقىگە ئىگە ئاساستا ئىزاھلىغاندا ئاتالغۇلارنىڭ ئوخشىشىپ قېلىشى ۋە مەنا جەھەتتە ئارىلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى **"سۆزگە قۇلاق سېلىپ، ئۇ سۆزنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا ئەگىشىدىغانلار[7]"**نىڭ جۈملىسىدىن قىلسۇن، **"(ئاخىرەتتە) ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، راستچىللار، شېھىتلەر ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە[8]"** قىلسۇن. ئامىن.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدەررىسى؛
تەھرىرلىگۈچى: ئادىل ھاجى كېرىم)

---

[1] ھەدىس پرىنسىپلىرىغا نەزەر(لمحات في أصول الحديث). دوكتور مۇھەممەد ئەدىب سالىھ. 272-بەت.

[2] ئىمام ھاكىم: تولۇق ئىسمى ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا ھاكىم نىسابۇري. ھىجرىيە 321-يىلى نىسابۇردا تۇغۇلۇپ، 405-يىلى ۋاپات بولغان. ھىجرىيە 359-يىلى نىسابۇرغا ھاكىم بولغانلىقى ئۈچۈن «ھاكىم» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان. «المستدرك على الصحيحين (ئىككى سەھىھ توپلامغا تولۇقلىما)»، «معرفة علوم الحديث وكمية أجناسه(ھەدىس بىلىملىرى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرىنى بىلىش)»، «المدخل في أصول الحديث (ھەدىس پرىنسىپلىرى توغرىسىدا ساۋات)»، «تاريخ نيسابور(نىسابۇر تارىخي)» قاتارلىق كىتابلارنى يازغان.

[3] ھەدىس شەرىف بىلىملىرى توپلىمى(موسوعة علوم الحديث الشريف). مىسىر جۇمھۇرىيىتى ۋەقفە ئىشلىرى مىنىستىرلىكى. 704-بەت.

[4] ئىمام خەتىپ باغدادىينىڭ قارىشىدا مۇسنەد دېگەن ئاتالغۇ مۇتتەسىل ئاتالغۇسى بىلەن مەنىداش ئىشلىتىلىدۇ. ئىمام ئىبنى ئابدۇلبەرنىڭ قارىشىدا بولسا مەرفۇ ئاتالغۇسى بىلەن مەنىداش ئىشلىتىلىدۇ. ھەدىس پرىنسىپلىرىغا نەزەر(لمحات في أصول الحديث). دوكتور مۇھەممەد ئەدىب سالىھ. 273-بەت.

[5] ئىمام سۇيۇتى: تولۇق ئىسمى ئابدۇراھمان ئىبنى كامال ئەبۇ بەكرى ئىبنى مۇھەممەد ئەسيۇتى بولۇپ، ئىمام سۇيۇتى نامى بىلەن مەشھۇر. ئۇ كىشى ھىجرىيە 849-يىلى مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدە تۇغۇلۇپ 911-يىلى ۋاپات بولغان. ئىمام سۇيۇتىنىڭ دادىسى ئەسيۇت رايونىدىن بولۇپ، ئىلىم تەلەپ قىلىش ئۈچۈن قاھىرەگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئىمام سۇيۇتى ھىجرىيە 9-ئەسىردىكى داڭلىق ئۆلىمالارنىڭ بىرى بولۇپ، «تەپسىرشۇناسلىق، ھەدىسشۇناسلىق، فىقھەشۇناسلىق، ئەرەب تىلى گىراماتىكىسى، بالاغەت ئىلمى، قىرائەتشۇناسلىق ھەتتا تېبابەتچىلىك»تىمۇ يۇقىرى نوپۇزغا ئىگە. ئۇ كىشىنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن «الإتقان في علوم القرآن (قۇرئان كەرىم بىلىملىرى توغرىسىدا مۇكەممەل بايان)»، «تفسير الجلالين (تەفسىرۇل جالالەيننىڭ يېرىمى)»، «تدريب الراوي(ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىنى چېنىقتۇرۇش)»، «الجامع الكبير(چوڭ توپلام)»، «الجامع الصغير (كىچىك توپلام)» قاتارلىقلار بار.

[6] ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىنى چېنىقتۇرۇش(تدريب الراوي). جالالىددىن سۇيۇتى. 154-بەت.

[7] سۈرە«زۇمەر»(39-سۈرە)، 18-ئايەت.

[8] سۈرە«نىسا»(4-سۈرە)، 69-ئايەت.



# ئاللاھنىڭ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىشىنى ياقتۇرمامسىلەر؟

## — سۈرە «نۇر» 22 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمىنىڭ قىسقىچە تەپسىرى

شىھابىدىن ئابدۇلئەھەد

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

و وَلْيَعْفُوا وَلْيَصْفَحُوا أَلَا تُحِبُّونَ أَن يَغْفِرَ اللَّهُ لَكُمْ وَاللَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ

تەرجىمىسى: ئۇلارنى ئەپۇ قىلسۇن، كەچۈرسۇن. **ئاللاھنىڭ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىشىنى ياقتۇرمامسىلەر؟ ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.**

بۇ ئايەت سۈرە «نۇر» 22 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، مەدىنەدە نازىل بولغان. بۇ ئايەتتە باشقىلار يامانلىق قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇلارغا قىلىنىدىغان ياخشىلىقنى توختاتماستىن، بەلكى ئۇلارنى ئەپۇ قىلىپ، ئۇلارنىڭ قىلغان يامانلىقلىرىنى كەچۈرۈۋېتىشنىڭ ئىسلامنىڭ ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان ھەمدە ئەپۇچان، كەڭ قورساق بولۇشنىڭ گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت بولۇشىدىكى بىر شەرت ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان.

بۇ ئايەت پاھىشە بىلەن قارىلانغان ئائىشە سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پاك ئىكەنلىكىگە ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزەيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە نازىل بولغان. ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مىستەھ ئىبنى ئەساسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا تۆھمەت چاپلاش ۋەقەسىگە چېتىلىپ قالغانلىقىنى بىلىپ ناھايىتى ئازابلانغان ئىدى. مىستەھ ئىبنى ئەساسە بولسا ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تۇغقىنى بولۇپ، نامرات مۇھاجىرلارنىڭ بىرى بولغاچقا، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇزۇندىن بېرى ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ كېلىۋاتاتتى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئىشنى ئۇققاندىن كېيىن، مىستەھ ئىبنى ئەساسىگە ھېچقانداق خەيرى ـ ئېھسان قىلماسلىققا قەسەم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ۋە باشقا مۇئمىنلەرگە مۇسۇلمانلارنىڭ ئادەتتە خاتالىشىپ قالىدىغانلىقىنى، ئاللاھنىڭ ئۇلارنى كەچۈرۈۋېتىشنى ياخشى

قۇرئان كەرىم تەپسىرى

www.uyghurkitap.com



كۆرىدىغانلىقىنى ئۇلارغا ئەسلىتىپ بۇ ئايەتنى نازىل قىلغان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ياخشى كۆرىدىغان نەرسە ــــ مەغپىرەتنى تاللاپ، كىشىلەر گەرچە يامانلىق قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇلارغا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ياخشىلىقنى توختىتىپ قويماسلىقنىڭ شۇنداقلا ياخشىلىق قىلماسلىققا قەسەم قىلماسلىقنىڭ لازىملىقىنى ئەسكە سېلىش ئۈچۈن نازىل بولغان.

بۇ ئايەتنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا، ئاللاھ تائالانىڭ نۇرى بىلەن پاكلانغان پاك روھلار ئۇيۇقلىرى ئىچىدىكى يۈكسەك بىر ئۇيۇقنىڭ بارلىقىنى كۆرەلەيمىز. بۇ ئۇيۇق تۆھمەت ۋەقەسى يۈرىكىنى مۇجىغان، ئائىلىسى ۋە ئۆزىنىڭ شان ـ شەرىپىگە نەشتەردەك تەگكەن بوھتانىنىڭ ئاچچىق ئازابىنى كۆتۈرۈپ، تىك تۇرغان ئەبۇ بەكرىدەك "سىددىق"(راستچىل) ئاتالغان سېخى، مەرد ئوغلانلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ھاسىل بولغان ئۇيۇقتۇر. شۇ دەملەردە ئۇ زات پەرۋەردىگارىنىڭ ئەپۇچان بولۇشقا چاقىرغان دەۋىتىنىمۇ ئاڭلىيالمىغىلى تاس قالدۇ، ئۇنىڭ سەزگۈسى "ئاللاھنىڭ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىشنى ياقتۇرمامسىلەر؟" دېگەن ئىلاھىي سوئالنى ئاڭقىرالمىغىلى تاس قالدۇ. دېمىسىمۇ بىر ئەر كىشىگە نىسبەتەن، قىزىنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسى ھەققىدە پىتنە ـ ئىغۋالارنىڭ تارقىلىشى ئەلۋەتتە ئېغىر كېلىدىغان ئىش بولۇپ، كىشى بۇنداق ۋاقىتتا ئاچچىقتىن نورمال ھالىتىنى ساقلىيالماي توغرا بولمىغان سۆزلەرنى قىلىپ تاشلايدۇ. ئەمما ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك رەسۇلۇللاھتىن قالسا ئەڭ ئۇلۇغ زاتنىڭ ئاللاھنىڭ رەببانىيى ئىنايىتى بىلەن خاتالىقتىن قۇتۇلۇشقا مەدەتكار بولدۇ. ئاخىر، بۇ رەببانىي سوئال ئۇنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىنى شۇنداقلا ئىنسانغا خاس ھېسسىياتلىرىنى بېسىپ چۈشتۇ، ئۇنى غەزەپ ۋە ھېسسىيات مۇھىتىنىڭ رامكىسىدىن تەمكىنلىك ۋە ئەقلىيلىك بوشلۇقىغا چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ روھى ئاللاھنىڭ نۇرى بىلەن يورۇيدۇ ـ دە، ئاللاھنىڭ چاقىرىقىغا تولۇپ تاشقان ئىشەنچ ۋە سىددىقلىق(راستچىللىق) بىلەن "شۇنداق، ياقتۇرىمەن. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ماڭا مەغپىرەت قىلىشىنى ياقتۇرىمەن!" دەپ ئاۋاز قوشىدۇ ـ دە، مىستەھكە قىلىپ كېلىۋاتقان خەير ـ ئېھسان ئىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. "ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە بەرمەيمەن" دەپ ئىچكەن قەسىمىنىڭ ئورنىغا "ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭغا بېرىدىغان نەپىقەدىن ھېچ نەرسىنى تارتىۋالمايمەن" دەپ قەسەم قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بىغۇبار قىزى ئائىشە ھەققىدىكى تۆھمەتلەرنىڭ زەربىسىدىن دەرد ـ ئەلەملەرگە تولغان قەلبىنى يۇمشىتىدۇ. ئۇنىڭ قەلبىنىڭ ئىلاھىي نۇر بىلەن ئەبەدىي نۇرلىنىشى ئۈچۈن، تۆھمەت ۋەقەسى جەريانىدا شەيتانى غەزەپتىن يۇقۇملانغان قەلبىنى ئىلاھىي مەلھەم بىلەن پاكلايدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىنلەرگە ئەسلىتىۋاتقان ئاشۇ مەغپىرىتى شۈبھىسىزكى، مىستەھ ئىبنى ئەساسەدەك پاك ئاياللارغا تۆھمەت چاپلاش، مۇئمىنلەر ئارىسىدا پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىشتىن ئىبارەت بۇ ئېغىر گۇناھتىن تەۋبە قىلغان كىشىلەرگە مەنسۇپتۇر. ئەمما ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيگە ئوخشاش كىشىلەرگە كەڭ قورساق بولۇشنىڭ ئورنى يوق. چۈنكى، ئۇلار مەزكۇر گۇناھلارنى سەۋەنلىكتىن ياكى نادانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نىجىس روھى سەۋەبىدىن شۇنداقلا تۆھمەتخورلۇققا ئوخشاش رەزىل گۇناھلارنى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ پەيغەمبەرنىڭ يۈزىنى تۆكۈش يۈزىسىدىن پاك ئاياللارغا تۆھمەت چاپلايدىغان كىشىلەردۇر. تەبىئىيكى، جەمئىيەت ئۇنداق كىشىلەرگە قاتتىق لەنەت ئوقۇيدۇ، ئۇلارنى باشقىلارغا ئىبرەت قىلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى ئازابى. يەنە ئۇلارنى ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئازابى كۈتۈپ تۇرىدۇ. **"يامان ئىشتىن بىخەۋەر ئىپپەتلىك مۇئمىن ئاياللارغا قارا چاپلايدىغانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چوقۇم لەنەتكە ئۇچرايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ"**{سۈرە«نۇر»(**24** ـ سۈرە)، **23** ـ ئايەت}.

بىز تەپسىرلەۋاتقان مەزكۇر ئايەتتە ئەپۇچان بولۇش توغرىسىدا كۈچلۈك تەرغىبات بار. ئەپۇچان بولۇشنىڭ بەدىلىگە بېرىلگەن ئۇلۇغ ۋەدە باركى، خۇددى "ئاللاھنىڭ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىشىنى ياقتۇرمامسىلەر؟ بۇ بولسا، مەغپىرەتنىڭ سەۋەبى ۋە شەرتىدۇر" دېگەنىدەك؛ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ئايەتنى ئاڭلىغاندا: "شۇنداق، ئاللاھ

بىلەن قەسەمكى، پەرۋەردىگارىمىز! ئەلۋەتتە بىز سېنىڭ بىزگە مەغپىرەت قىلىشىڭنى ياقتۇرىمىز» دېگەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. يەنە بىر نەقىل بويىچە ئېيتقاندا، ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مىستەھكە بېرىدىغان نەپىقىسىنى ئەسلىدىكىسىدىن ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇپ بېرىدىغان بولغان. ئىبنى ھاتەمنىڭ مۇقاتىلدىن نەقىل قىلغان ھەدىسىگە قارىغاندا بۇ ئايەت مىستەھ ئىبنى ئەساسە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتقىلى كېلىپ: «ئاللاھ مېنى ساڭا پىدا قىلسۇن! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ زات مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام(سىزگە)غا مېنىڭ ئۇ(ئائىشە)نى قارىلىغانلىقىم(توغرىسىدىكى ئەھۋال)نى نازىل قىلدى. ئۇ توغرىسىدا دېگەنلىرىمدىن باشقا ھېچ نېمە دېمىدىم، ئى تاغا!» دېگەن. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بەلكى، سەن كۆلدۈڭ ۋە ئۇ ھەقتە دېيىلگەن سۆزلەرگە خۇش بولدۇڭ» دېگەن. مىستەھ: «بەلكىم، بۇ ئىشلارنىڭ بەزىسى شۇنداقتۇ» دېدى.

بۇ ئايەتتە گۈزەل ئەخلاق ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ئېلىپ كېلىدىغان پەزىلەتلەرگە تەرغىب قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەقىقەتەن پەزىلەت ئەھلى ئىكەنلىكى دەلىللەنگەن. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۆزىلا ياكى ئۇنىڭ بىلەن بىرقانچە كىشى مەزكۇر ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىدۇر. بۇ ئايەتنىڭ خاس ھالدا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە نازىل بولۇشى بۇ ئايەتنىڭ ئام ھالدا(ئومۇمەن) پۈتۈن مۇئمىنلەرگىمۇ قارىتىلىدىغانلىقىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. بۇ ئايەت يەنە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جىمى ساھابىلارنىڭ ئەۋزىلى ئىكەنلىكىنىمۇ دەلىللەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، گۇناھقا تەۋبە قىلىشنىڭ ئىلگىرى قىلغان ياخشى ئەمەللەرنى يوققا چىقارمايدىغانلىقىنىمۇ دەلىللەيدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىغان بولسا، ئاللاھ تائالا مىستەھنى «مۇھاجىر» دەپ ئاتىمىغان بولاتتى. لېكىن ئۇنىڭدىن ئۆتىلىدىغان گۇناھ ئۆتتى. بۇ يەنە شۇنى دەلىللەيدۇكى، تائەت ـ ئىبادەتنى تەرك ئېتىشكە قەسەم قىلىش جائىز ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ تائالا تائەت ـ ئىبادەتنى تەرك ئېتىشكە قەسەم قىلىشتىن مەزكۇر ئايەتنىڭ بىرىنچى جۈملىسىدىلا **«قەسەم قىلمىسۇن»** دېگەن مۇبارەك سۆزى بىلەن توسقان. بۇ نۇقتىنى ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى تەقەززا قىلىدىغان ئەھۋال چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ يەردىكى توسۇشنىڭ مەنىسى ھارامغا قارىتىلغان، يەنە بىر نەقىلدە مەكرۇھقا قارىتىلغان دېيىلىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، تائەت ـ ئىبادەتنى قىلماسلىققا قەسەم قىلىش گاھىدا ھارام بولسا، گاھىدا مەكرۇھ بولىدۇ. لېكىن، بۇ يەردىكى توسۇش شەرتسىز ھالدا تائەت ـ ئىبادەت قىلماسلىققا قەسەم قىلىشنى چەكلەش ئۈچۈندۇر. جۇمھۇر(مۇتلەق كۆپ ساندىكى) فەقىھلەر مۇناسىۋەتلىك ھەدىس شەرىفلەر روھىغا ئاساسەن «بىراۋ بىرەر ئىشنى قىلىشقا قەسەم قىلسا، لېكىن ئۇ ئىشتىن باشقا بىر ئىشنى ياخشىراق دەپ قارىسا، ياخشىراق ئىشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرسۇن ۋە قىلغان قەسىمى ئۈچۈن كەففارەت بەرسۇن» دەپ قارايدۇ. ئۇلاردىن يەنە بىر تۈركۈم فەقىھلەر يەنە بىر ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن «ياخشى ئىشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرسۇن، شۇنداق قىلغىنى ئۇنىڭ كەففارىتىدۇر» دەپ قارايدۇ. ئۇلار بۇ قارىشىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «بۇ ھەدىستىكى كەففارەت سۆزىدىكى مەقسەت گۇناھنى ئۆچۈرۈش دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ شەرئى مەنىدىكى كەففارەت(قەسەمنى بۇزغاننىڭ بەدىلىگە بېرىلىدىغان ماددىي بۇيۇم) ئەمەس».

ساھابىلەر مەيلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات چېغىدا بولسۇن، مەيلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن بولسۇن، قۇرئان كەرىمگە ئەمەل قىلىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇلار قۇرئان كەرىم نېمىگە بۇيرىسا شۇنى بەجا كەلتۈرەتتى. نېمىدىن توسقان بولسا شۇنىڭدىن دەرھال ياناتتى. بۇ سۆزىمىزنىڭ دەلىلى ھەدىس، تەپسىر، سىرەت ـ تەرجىمھال كىتابلىرىدا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ، بولۇپمۇ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پاكلىقى ھەققىدە سۈرە«نۇر»دىكى مۇناسىۋەتلىك **10** ئايەت نازىل بولغان چاغدا ئۆزىنىڭ ئاچچىقىدىن، خاتا قارىشىدىن ئاللاھنىڭ كىتابىغا يېنىپ، ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىگە جىددىي ئەمەل قىلغانلىقى بۇ سۆزىمىزنى كۈچلۈك دەلىل بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئاللاھ ''(ئادەملەرنى)كەچۈرگىن، **ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن''** {سۈرە«ئەئراف»(7 ـ سۈرە)، **199** ـ ئايەت} دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا دەرھال ئاچچىقىنى بېسىپ بۇ ئايەتكە ئەمەل قىلغان. بۇنىڭ جەريانى ۋە سەۋەبى مۇنداق: ''ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇيەينە ھىسنى كېلىپ قېرىندىشىنىڭ ئوغلى ھۇررە ئىبنى قەيسنىڭكىگە چۈشتى. ئۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېقىن ـ يورۇقلىرى ئىدى. مەيلى قېرى بولسۇن، مەيلى ياش بولسۇن، قارىيلار ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆھبەتداشلىرى ۋە مەسلىھەتچىلىرى ئىدى. ئۇيەينە قېرىندىشىنىڭ ئوغلىغا: ''ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! سېنىڭ خەلىپىنىڭ ئالدىدا يۈزۈڭ بار، كۆرۈشۈشكە ماڭا رۇخسەت ئېلىپ بەرسەڭ'' دېدى. ئۇ رۇخسەت سورىۋىدى، خەلىپە ئۆمەر ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى.

ئۇيەينە كىرىپ: ''ئى خەتتابنىڭ ئوغلى! ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، سەن بىزگە كۆپرەك بىر نەرسە بەرمىدىڭ، ئارىمىزدا ئادىل ھۆكۈم قىلمىدىڭ'' دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاچچىقى كەلدى. ھەتتا ئۇنى ساۋىماقچى بولدى. ھۇررە ئۇنىڭغا: ''ئى مۆئمىنلەرنىڭ خەلىپىسى! ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ئۆز پەيغەمبىرىگە '(ئادەملەرنى)كەچۈرگىن، **ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن'**{سۈرە«ئەئراف» (7 ـ سۈرە)، **199** ـ ئايەت} دېگەنىدى. ھەقىقەتەن ئۇ نادانلاردىندۇر'' دېدى. ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، يۇقىرىدىكى ئايەت ئوقۇلۇۋاتقان چاغدا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جىم تۇردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ''قۇرئان كەرىم ئوقۇلۇۋاتقان چاغدا ھەقىقەتەن جىمجىت تۇراتتى''(بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدەررىسى؛
تەھرىرلىگۈچى: ئادىل ھاجى كېرىم)

**گۈزەل سۆز**ـــ ئاللاھ تائالا بىزدىن ھەر دائىم گەپنى ئوڭلاپ قىلىشنى، ياخشى گەپ قىلىشنى، گۈزەل سۆز قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ياخشى سۆز بىلەن يامان سۆزنى ئىككى دەرەخ ئارقىلىق مىسال كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: **''ئاللاھنىڭ مۇنداق بىر تەمسىل كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ: ياخشى سۆز(يەنى ئىمان كەلىمىسى) يىلتىزى مۇستەھكەم، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىرادىسى بىلەن ۋاقتى-ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەخكە ئوخشايدۇ. ئاللاھ كىشىلەرگە ۋەز-نەسىھەت ئالسۇن دەپ نۇرغۇن مىسال كەلتۈرىدۇ. يامان سۆز(يەنى كۇفرى كەلىمىسى) يەردىن قومۇرۇپ تاشلانغان، ئازراقمۇ تىك تۇرالمايدىغان ناچار دەرەخكە ئوخشايدۇ''**{سۈرە «ئىبراھىم»(14 ـ سۈرە)، 24 — 27 ـ ئايەتلەر}.

ئىنساننىڭ قەلبىنى ئېچىپ كۆرگىلى بولمايدۇ، قەلب پەقەت ئۇنىڭ چىرايى، كۆزى، سۆزى، ھەرىكىتى بىلەن ئاشكارىلىنىدۇ. دىلدا نېمە بولسا تىلدا شۇ ئىپادىلىنىپ قالىدۇ. ''ئىنساننىڭ زىكرى نېمە بولسا پىكرىمۇ شۇدۇر'' دېگەن سۆز شۇنىڭغا قارىتا ئېيتىلغان. بىر گەپنى دېيىشتىن ئاۋۋال ئىچىمىزدە ئويلايمىز، ئۇ چاغدا بۇ سۆز بىزنىڭ ئىلكىمىزدە بولىدۇ. ئەمما ئېغىزىمىزدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ سۆز بىزنىڭ بولماي قالىدۇ، ھەتتا بىزنى باشقۇرىدۇ. ئېغىزدىن كېتىپ قېلىش، ئېغىزدىن بالاغا قېلىش دېگەنلەر ئەنە شۇدۇر. **''ئى مۆئمىنلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، توغرا سۆزنى قىلىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنى توغرىلايدۇ، گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولىدۇ''**{سۈرە «ئەھزاب»(33 ـ سۈرە)، 70 ـ ، 71 ـ ئايەت}.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزمۇ ياخشى سۆزنى سەدىقە دەپ ھېسابلىغان، باشقىلارغا، جۈملىدىن كۆڭلىدە دېگۈدەك كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان ئائىلە ئەزالىرى ۋە يېقىن يورۇقلىرىغا ھەر زامان خۇش پېئىل بولغان، ياخشى سۆز قىلغان. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزمۇ ''ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ ئويلاپ سۆزلە''، ''ياخشى سۆز تاشنى يارار، يامان سۆز باشنى''، ''بۇغداي ئېشىڭ بولمىسا بۇغداي سۆزۈڭ يوقمۇ'' دېگەندەك قىممەتلىك ھېكمەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. (ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد تەييارلىغان)



# "مەن يېتىمنى باققۇچى ئادەم بىلەن جەننەتتە مۇشۇنداق يېقىن تۇرىمەن" دېگەن ھەدىسنىڭ قىسقىچە شەرھىسى

مۇھەممەدجان تىلىۋالدى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

وَعَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدِ السَّاعِدِي رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: أَنَا وَكَافِلُ الْيَتِيمِ فِي الْجَنَّةِ هَكَذَا وَأَشَارَ بِالسَّبَّابَةِ وَالْوُسْطَى وَفَرَّجَ بَيْنَهُمَا شَيْئًا. رَوَاهُ الْبُخَارِيُّ

سەھل ئىبنى سەئىد سائىدىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "**مەن يېتىمنى باققۇچى ئادەم بىلەن جەننەتتە مۇشۇنداق يېقىن تۇرىمەن**" دەپ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنىڭ ئارىسىنى ئېچىپ كۆرسەتكەن(بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

## ھەدىسنىڭ قىسقىچە شەرھىسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىس ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى يېتىملارنىڭ مال ـ مۈلكىنى قوغداش ۋە ئۇلارغا ھامىي بولۇشقا رىغبەتلەندۈرگەن. ئىبنى بەتتال مۇنداق دەيدۇ: "بۇ ھەدىسنى ئاڭلىغان ھەرقانداق ئادەم شۇنداق قىلىشقا قىزىقىدۇ، چۈنكى ئاخىرەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمراھى بولۇشتىنمۇ ئەۋزەل ئورۇن يوق".

ئېنىقكى، بۈگۈنكى كۈندە جەمئىيىتىمىزدە ھەر ساھە كىشىلىرى ۋە مۆئمىن مۇسۇلمانلار ئەڭ زور ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك ئىشلارنىڭ بىرى يېتىملارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاش، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن ياردەم قىلىش، ئوقۇتۇش ۋە تەربىيەلەش ئارقىلىق ئۇلارنى ئەقىدە ـ ئېتىقاد، ئەقلىي، ئەخلاقىي ۋە جىسمانىي تەرەپلەردىن ياراملىق يېتىشكەن ئەۋلادلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشتۇر. ئاللاھ تائالا يېتىملەرگە بولغان چەكسىز رەھمىتى ۋە كۆيۈنۈشىنى قۇرئان كەرىمدە مۆئمىنلەرگە قىلغان دەۋەتلىرى ئارقىلىق بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن يېتىملەر توغرۇلۇق سورىشىدۇ، ئېيتقىنكى، 'ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىش تېخىمۇ ياخشىدۇر. سىلەر ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشىساڭلار بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر. ئاللاھ(يېتىملەرنىڭ

ھەدىس شەرىف تەھلىلى

**ئىشلىرىنى) بۇزغۇچى ۋە تۈزىگۈچىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئاللاھ خالىسا، سىلەرنى چوقۇم جاپاغا سالاتتى‹. ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر‹‹** {سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، **220** ـ ئايەت}.

بۇ ئايەتتىن ئاللاھ تائالانىڭ يېتىملارغا نەقەدەر كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى ھېس قىلىش تەس ئەمەس. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، يېتىملارغا كۆيۈنۈش بولسا ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى سەل قاراشقا بولمايدىغان ئاساسلىق بىر مەسىلە. شۇنداقلا يېتىملارنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا ۋە كەلگۈسىدە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈش ـ كەچۈرەلمەسلىكىگە چېتىلىدىغان بىر مەسىلە. شۇڭا ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ھەربىر مۆئمىن مۇسۇلماننىڭ بۇرچى، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلمەسلىك ئىسلام دىنىنىڭ دەۋەت ـ تەشەببۇسلىرى، خەلقىمىزنىڭ گۈزەل ئەخلاقىي قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا زىت بولغان ۋە يېتىملارنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشتۇر. شۇڭا پۈتۈن مۆئمىن مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ چاقىرىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەتلىرىنى ئېسىدە مەھكەم ساقلىشى ۋە ئەمەل قىلىشى كېرەك.

ھايات قانۇنىيەتلىرىدىن ئايانكى، ‹‹**ھەربىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر**‹‹{سۈرە«ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، **185** ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى}. شۇنداق بولغانىكەن، ھەرقانداق ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسىغا مەڭگۈلۈك ھامىي بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بەزى باللار تۇغۇلۇپلا يېتىم بولۇپ قالىدۇ، يەنە بەزىلەر تەبىئىي قانۇنىيەت بىلەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەربىيەسىدە چوڭ بولۇپ قاتارغا قوشۇلغاندىن كېيىن ئاندىن ئاتا ـ ئانىسى ئالەمدىن ئۆتىدۇ. قۇرامىغا يەتكەن باللار ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالسىمۇ ئۇلارنى يېتىم دەپ قارىمايمىز. يېتىملىك دېگەندە قۇرامىغا يەتكۈچە بولغان باللىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى جۇدالىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يېتىملىك ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى ۋە قىسمىتى بولۇپ، ئۇ قانداقتۇر نۇقسانلىق يامان ئىش ياكى شور پېشانىلىك ئەمەس. ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارلىق ئۈلگىسى، ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ يېگانە نەمۇنىسى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يېتىم ئىدى. ئۇ زات ئانىسى ھەزرىتى ئامىنەنىڭ قورسىقىدىكى چاغدا دادىسى ئابدۇللا ۋاپات بولغان، ئالتە ياشقا كىرگەن ۋاقتىدا مېھرىبان ئانىسىمۇ ۋاپات بولغان. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بوۋاق ۋاقتىدىن تارتىپ تاكى ئالەمدىن ئۆتكۈچە بولغان ئارىلىقتا ئازار ـ كۈلپەت، كەمسىتىلىش، موھتاجلىق، بويىنى قىسىلىپ قېلىشتىن ساقلاپ كەلگەن ۋە ئىنسانلار ئىچىدىن تاللاپ، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە يولباشچى، يېتەكچى بولغان ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ‹‹**(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ سېنى تاشلىۋەتمىدى ۋە يامان كۆرمىدى. ئاخىرەت ساڭا ئەلۋەتتە دۇنيادىن ياخشىدۇر. پەرۋەردىگارىڭ ساڭا كەلگۈسىدە نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلىدۇ. سەن بۇنىڭدىن مەمنۇن بولىسەن. ئۇ سېنىڭ يېتىملىكىڭنى بىلىپ پاناھلىق بەرمىدىمۇ؟ سېنىڭ تېڭىرقاپ قالغىنىڭنى بىلىپ يول كۆرسەتمىدىمۇ؟ سېنىڭ يوقسۇزلۇقۇڭنى بىلىپ بېيىتمىدىمۇ؟**‹‹{سۈرە«زۇھا»(93 ـ سۈرە)، **3—8** ـ ئايەتلەر}.

ھازىر جەمئىيىتىمىزدە يېتىملار بەك كۆپىيىپ كەتتى، بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبلىرى ناھايىتى كۆپ. بىز بۇ يەردە تۆۋەندىكى ئىككى تۈرلۈك يېتىملارنى تىلغا ئالىمىز: بىرىنچىسى، ئاتا ـ ئانىسى ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىسىز قالغان ‹‹قارا يېتىم‹‹ باللار. ئىككىنچىسى، ئەرنىڭ ئايالى ئۆلۈپ كېتىپ باشقا ئايالغا ئۆيلەنگەنلىكى ياكى ئايالنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ باشقا ئەرگە تەگكەنلىكى، شۇنداقلا تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن ئەر ـ ئايال ئاجرىشىپ كېتىپ يېڭىدىن تۇرمۇشلۇق بولغانلىقى سەۋەبلىك ئۆگەي دادا ياكى ئۆگەي ئانىنىڭ ئالدىدا چوڭ بولۇشقا مەجبۇر بولۇۋاتقان ‹‹تىرىك يېتىم‹‹ باللار. پەزىلەتلىك، ئىمان ـ ئېتىقادلىق كىشىلەر مەيلى ‹‹قارا يېتىم‹‹ بولسۇن، مەيلى ‹‹تىرىك يېتىم‹‹ بولسۇن، يېتىملارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتىپ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ۋە ساۋابىغا ئېرىشىشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا مۆئمىن مۇسۇلمانلار ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشكە ۋە ياخشىلىق قىلىشقا تېگىشلىك كىشىلەرنىڭ قاتارىدا يېتىملارنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ‹‹**ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار؛ ئاتا-ئاناڭلارغا، يېقىن تۇغقانلىرىڭلارغا،**

**يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، يانىڭدىكى ھەمراھقا(يەنى سەپەرداش، ساۋاقداش قاتارلىقلارغا)، مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل-چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ھاكاۋۇر، ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ"**{سۈرە«نىسا»(4 ـ سۈرە)، 36 ـ ئايەت}.

بۇ يەردە ئەسكەرتىش زۆرۈركى، ئۆگەي بالىلارنى ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ، مېھىر ـ مۇھەببىتىنى بەرگەن، ياخشى بېقىپ، يارامىلىق تەربىيەلەپ قاتارغا قوشقان ئادەم مەيلى ئاتا بولسۇن، مەيلى ئانا بولسۇن، يېتىملارنىڭ بېشىنى سىلىغاننىڭ ساۋابىنى تاپالايدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"يېتىم بالا بار ۋە ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىنىدىغان ئۆي مۇسۇلمان ئائىلىلەر ئىچىدە ئەڭ ياخشى ئۆي ھېسابلىنىدۇ، يېتىم بالا بار ۋە ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىنمايدىغان ئۆي مۇسۇلمان ئائىلىلەر ئىچىدە ئەڭ يامان ئۆي ھېسابلىنىدۇ"** (ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان).

خەلقىمىزدە: "ئاتىسى بارنىڭ تېغى بار، ئاتىسى يوقنىڭ دېغى بار" دەيدىغان گەپ بار. يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ قەلبىدە پۈتمەس ـ تۈگىمەس دېغى بولىدۇ، بۇنى يېتىم بولمىغانلار بىلمەيدۇ. ھەركىم ئۆزىنىڭ باللىرىنى ئويلىسا ۋە باللىرىنى شۇ چارىسىز، ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان قاناتسىز يېتىم ـ يېسىر باللارنىڭ ئورنىدا قويسا، ئەلۋەتتە ھەرقانداق ئىنساننىڭ تاشتەك قېتىپ كەتكەن قەلبى يۇمشايدۇ، كۆڭلى بۇزۇلىدۇ ۋە شۇ يېتىم ـ يېسىرلارغا ئىچ ئاغرىتىدۇ، ئۇلارغا ياردەم قولىنى سۇنىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، قەلبىنىڭ قاتتىقلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: **"يېتىمنىڭ بېشىنى سىلىغىن، مىسكىنلەرگە تاماق بەرگىن"** دېدى(ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان). بۇ ھەدىستىن ئايانكى، يېتىم ـ يېسىرلارغا مېھىر ـ شەپقەتلىك بولۇش ۋە ئۇلارنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىشنىڭ قەلبلەرنىڭ يۇمشىشى، ھاجەتلەرنىڭ راۋا بولۇشىغا تۈرتكىلىك سەۋەب بولۇشى، بۇ ئىشنىڭ ئاللاھ تائالانى ئەڭ مەمنۇن قىلىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىگە ئىشارەت بولالايدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"شۈبھىسىزكى، مۇلايىملىق ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىدىن بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇلايىملىقنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇلايىم كىشىلەرگە شۇنداق مەرھەمەت قىلىدۇكى، بۇنداق مەرھەمەتنى قوپال، ناچار خۇلۇقلۇق كىشىلەرگە ۋە باشقىلارغا قىلمايدۇ"**(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

شۇنداق بولغاچقا قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفلەردە يېتىم ـ يېسىر ۋە تۇل ئاياللارغا ھەرقانداق رەۋىشتە ئازار بېرىش، ئۇۋۋال قىلىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **"يېتىمگە قوپاللىق قىلما"**{سۈرە«زۇھا»(93 ـ سۈرە)، 9 ـ ئايەت}: **"قىيامەت كۈنىنى يالغان دېگەن ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ ئادەم يېتىمنى دۈشكەلەيدىغان، مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمايدىغان ئادەمدۇر"**{سۈرە«مائۇن»(107 ـ سۈرە)، 1 ـ، 2 ـ ئايەت}.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە يېتىملارنىڭ ۋەسىيلىكىنى ئۈستىگە ئالغان كىشىلەرگە يېتىملارنىڭ مال ـ مۈلۈكى ۋە مىراسلىرىغا خىيانەت قىلماستىن، بۇزۇپ ـ چاچماستىن ئەڭ توغرا ئۇسۇلدا خىراجەت قىلىپ بېرىشنى بۇيرۇيدۇ، يېتىم ھەققىگە قارا ساناپ چاڭ سېلىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **"سىلەر يېتىمنىڭ مال-مۈلكىگە تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكۈچىلىك يېقىنلاشماڭلار، ئۇنىڭغا پەقەت ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا يېقىنلاشساڭلار بولىدۇ"**{سۈرە«ئەنئام»(6 ـ سۈرە)، 152 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى}: **"زۇلۇم قىلىپ، يېتىملەرنىڭ مال-مۈلكىنى ناھەق يەۋالغانلار، شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا(يېنىپ تۇرىدىغان) ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ. ئۇلار لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان دوزاخقا كىرىدۇ"**{سۈرە«نىسا»(4 ـ سۈرە)، 10 ـ ئايەت}.

ئاللاھ تائالا يەنە يېتىمنىڭ ماللىرى ئۈچۈن يامان خىيالدا بولۇشتىن، ئۇلارنىڭ بالاغەتكە يېتىپ قېلىۋاتقانلىقىدىن قورقۇپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىنى ئورۇنسىز خىراجەت قىلىپ مال ـ مۈلۈكلىرىنى بۇزۇپ ـ چېچىۋېتىشتىن توسىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى باشقۇرۇپ كېتەلەيدىغانلىقىغا كۆز يەتكەن ھامان مال ـ مۈلكىنى ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: **"يېتىملەرنى بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر سىناپ تۇرۇڭلار، ئۇلاردا مال-مۈلكنى**

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

**باشقۇرالىغىدەك ھالەتنى بايقىساڭلار، ئۇلارغا مال-مۈلكىنى تاپشۇرۇپ بېرىڭلار؛ ئۇلارنىڭ چوڭ بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ مال-مۈلكىنى بۇزۇپ-چاچماڭلار ۋە ئالدىراپ يەۋالماڭلار. (يېتىمگە ۋەسىي بولغانلاردىن) كىمكى باي ئىكەن، ئۇ يېتىمنىڭ مال-مۈلكىنى يېيىشتىن ئۆزىنى تارتسۇن، كىمكى يوقسۇل ئىكەن، ئۇ(ئۆز ئەمگىكىگە يارىشا) مۇۋاپىق رەۋىشتە يېسۇن. سىلەر يېتىملەرنىڭ مال-مۈلكىنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان چاغدا، باشقىلارنى گۇۋاھ قىلىپ قويۇڭلار. ئاللاھ ھېساب ئېلىشقا يېتەرلىكتۇر"**{سۈرە «نىسا»(4 ـ سۈرە)، **6** ـ ئايەت}.

بۇ ئايەت ھەققىدە بىر قىسىم ئىلىم ئەھلىلىرى مۇنداق دەيدۇ: "يۇقىرىقى ئايەتتە دەۋەت قىلىنغان مەزمۇن ناھايىتى روشەن ۋە چۈشىنىشلىك. بىراق يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك بىر ئىش شۇكى، بەزى ئادەملەر باي بولسۇن، نامرات بولسۇن، يېتىمنىڭ ھەققىگە ھەرگىزمۇ قول سۇنمايدۇ، بۇ ئۇلار ئۈچۈن تولىمۇ ياخشى. بىراق بەزى بايلار باركى، ئۇلار گەرچە شۇنچە باي بولسىمۇ، يېتىمدىن ۋەسىيلىك ھەققى ئالماق بولىدۇ. ئاللاھ تائالا شۇلارغا يېتىمنىڭ ھەققىنى يېيىشتىن قولىنى تارتىشقا دەۋەت قىلىۋاتىدۇ. ئەگەر نامرات ئادەم ۋەسىي بولۇپ قالغان بولسا، ئىمكانقەدەر ۋەسىيلىك ھەققىنى ئالمىغىنى تولىمۇ ياخشى. مۇبادا تۇرمۇشىدا ئېغىر قىيىنچىلىق بولۇپ ئىلاجسىز قالغان ئەھۋالدا، يېتىمنىڭ مېلىدىن ۋەسىيلىك ئەجرى ئۈچۈن مۇۋاپىق مىقداردا تۇرمۇشىغا خىراجەت قىلسا، ئۇ ئۇلار ئۈچۈن گۇناھ بولمايدۇ. شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇكى، يۇقىرىقى يوچۇقتىن پايدىلىنىپ، ئەجرى ھەققى دەپ قەستەن يېتىمنىڭ مېلىنى كۆپرەك يەۋالسا، يەنىلا يېتىمنىڭ ھەققىنى يېگەن ھېسابلىنىدۇ". يېتىمنىڭ ھەققىنى ناھەق يەۋالغان كىشى چوڭ گۇناھ سادىر قىلغان بولىدۇ. خۇۋەيلىد ئىبنى ئەمرى خۇزائىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئى ئاللاھ! مەن يېتىم ۋە تۇل ئاياللاردىن ئىبارەت ئىككى ئاجىزنىڭ ھەققىگە چېقىلىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرىمەن"** (نەسەئى رىۋايەت قىلغان). بۇ ئايەت ـ ھەدىسلەردىن ئايانكى، يېتىم ـ يېسىر ۋە تۇل ئاياللار ئاجىزلار بولۇپ، ھەممە ئىشلىرىدا ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىپ، ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا زۇلۇم قىلغۇچىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە قارشى چىققانلىقى بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

مۇسۇلمان قېرىنداشلار، ئىسلام دىنى مانا مۇشۇنداق يېتىملارغا كۆيۈنۈشنى بەكمۇ مۇھىم دەپ بىلىدىغان، كەلگۈسى ئەۋلادلار تەرەققىياتىنى ئىنسانىيەتنىڭ پايدا ـ زىيىنىغا مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدىغان دىندۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **"ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەنمۇ باشقىلارغا ياخشىلىق قىلغىن"**{سۈرە «قەسەس» (**28** ـ سۈرە)، **77** ـ ئايەت}. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممەيلەن يېتىملارغا كۆڭۈل بۆلۈشنى بەكمۇ مۇھىم بىلىشىمىز كېرەك. ھازىر ئەتراپىمىزغا قارايدىغان بولساق، بەزىلەر بۇ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلمىغانىنىڭ ئۈستىگە، ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ يېتىملىك كوچىسىدا تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرۈشىگە سەۋەب بولماقتا، ئۇلارنى ئۆزىگە بولغان يۈك ۋە ئېغىر ئاپەت دەپ بىلىپ، ئۇلارنىڭ قانداق بولۇشى ۋە قانداق تۇرمۇش كەچۈرۈشى بىلەن كارى بولماي، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بىرەر ئىگە بولغۇچى ۋە غەمخورلۇق قىلغۇچىنىڭ بولۇشىنى تىلەپ تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇشىغا سەۋەبچى بولۇۋاتىدۇ. يەنە بىر قىسىم كىشىلىرىمىز ئىسراپچىلىقتا ھەددىدىن ئېشىپ، تاپقان پۇلىنى خەجلەيدىغان يەر تاپالمىغاندەك، بىھۇدە ئورۇنلارغا ئىشلىتىپ ئىسراپ قىلماقتا، رېستورانلاردىكى ھەرخىل چاي، توي ـ تۆكۈنلەر بۇزۇپ ـ چېچىش، ئىسراپچىلىقنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالماقتا. نەتىجىدە، بىر قىسىم يېتىم ـ يېسىرلار ئاسانلا يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ئازدۇرۇپ كېتىشىگە ئۇچراپ، جەمئىيەتتىكى ئوغرىلىق قىلىش، بۇلاڭچىلىق قىلىش، قاتىللىق قىلىش، قىمار ئويناش، پاھىشىۋازلىق قىلىشتەك بارلىق ناچار قىلمىشلارنىڭ باشلامچىسى ۋە غوللۇق ئادىمى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ ئىش ئىسلام دىنى ۋە پۈتكۈل مۇسۇلمانلار ئۈچۈن زىيانلىق ۋە خاتا ئىشتۇر.

ئويلاپ باقايلى، ئائىلىلىرىمىزدە، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنا، يۇرت ـ مەھەللىلىرىمىزدە ئۇرغۇنلىغان يېتىم ـ يېسىرلار، غېرىب ـ غۇرۋالار، بالىلىرىنى ئوقۇتۇش، داۋالىتىش ۋە باشقا ئېھتىياجلار سەۋەبلىك كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ياردەم قىلىشقا موھتاج

كىشلەر تۇرۇقلۇق، تاپقان مال ـ دۇنيالىرىمىزنى بىھۇدە ئىسراپ قىلىۋەتسەك، ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلمىساق ئۇنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سورىقى بولماسمۇ؟

ئەبۇ بەرزە ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”بەندە ئۆمرىنى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكلىرىدىن ۋە نېمە ئەمەللەرگە سەرپ قىلغانلىقىدىن، پۇل-مالنى قەيەردىن تېپىپ، قەيەرگە ئىشلەتكەنلىكىدىن ۋە جىسمىنى نېمىدە ئۇپراتقانلىقىدىن سوئال-سوراق قىلىنمىغۇچە ئۇنىڭ ئىككى قەدىمى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن قوزغالمايدۇ“** (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

دانالار شۇنداق ئېيتىدۇ: ”قىيامەت كۈنى مۇئمىن مۇسۇلمانلار پەقەت قىلغانلىرىدىنلا ئەمەس، قىلىشقا قادىر تۇرۇپ قىلمىغانلىرىدىنمۇ سوراق قىلىنىدۇ“. راستتىنلا دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ساۋاب ئىزدىگەن، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇپ، رەھمىتىنى ئۈمىد قىلغان ئادەم ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىرايدۇ. قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىف روھى بويىچە ئېيتقاندا، بىر يېتىم بالىنى ياخشى بېقىپ، ياراملىق تەربىيەلەپ، كەلگۈسىدە ئىنسانلار تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسە قوشالايدىغان قىلىپ يېتىلدۈرۈپ چىقىش تولىمۇ ئۇلۇغ ۋە ئەجرى كاتتا ئەمەلدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىمىز بىرلىكتە يېتىملارغا كۆيۈنۈپ، ئۇلارغا بولغان تەربىيەنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي ۋە گۈزەللىك جەھەتلەردە ئەتراپلىق يېتىشكەن، بىر ئەۋلاد ياراملىق ئىزباسارلاردىن قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتەيلى. ئېسىمىزدە بولسۇنكى، يېتىملارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش قىيىن ئىش ئەمەس. ئۇ ھەرقانداق ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ، يېتىملارغا كۆڭۈل بۆلمەسلىككە ھېچقانداق ئۆزرە تاپقىلى بولمايدۇ. چۈنكى، يېتىملارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش پەقەت ئىقتىساد بىلەنلا بولمايدۇ. يېتىملار ئىقتىسادتىن كۆپرەك مېھىر ـ مۇھەببەت، رەھىم ـ شەپقەت، كۆڭۈل بۆلۈشكە موھتاج. خەلقىمىزدە ”بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ يوقمۇ“ دەيدىغان گەپ بار. شۇڭا قول ئىلكىدە بارلار ئىقتىسادىي ياردەم قىلسا، قول ئىلكىدە يوقلار ئۇلارغا چىرايلىق سۆز قىلىش، ھېسداشلىق قىلىش، مېھرىبانلىق يەتكۈزۈش، پات ـ پات ھال ـ ئەھۋالىنى سوراپ تۇرۇش، ئۆيىگە چاقىرىپ بىرەر ۋاق تاماقنى بىللە يېيىش، دەرد ـ ھالىنى تىڭشاپ تەسەللىي بېرىش، ئىشلىرىدا يول كۆرسىتىش، ئوقۇش ئىشلىرى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق يېتىملارغا ياخشىلىق قىلسا بولىدۇ. شۇنداق قىلالىساق، ئاللاھ تائالا ئۆمرىمىزگە بەرىكەت، ئىشلىرىمىزغا نۇسرەت بېرىدۇ، رىزقىمىزنى ئۈزۈپ قويمايدۇ. مۇسئەب ئىبنى سەئىد ئىبنى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، سەئىد ئۆزىدىن تۆۋەن كىشىلەردىن ئۆزىنى ئۈستۈن چاغلىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **”سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاجىز كىشىلەرنىڭ بەرىكىتىدىن ئاللاھ سىلەرگە مەدەت قىلىپ تۇرىدۇ ۋە رىزقىڭلارنى بېرىپ تۇرىدۇ“** دېدى (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

## ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىسلامدا يېتىملارغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ پەزىلەتلىك ئىش ئىكەنلىكى؛

2. يېتىمغا ياخشىلىق قىلغۇچى مۇئمىن مۇسۇلمانلارنىڭ جەننەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن يېقىن تۇرۇشتىن ئىبارەت شان ـ شەرەپكە نائىل بولىدىغانلىقى؛

3. يېتىم بولۇپ قېلىشنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى ئىكەنلىكى، يېتىملارنىڭ ھەرگىزمۇ بەختسىز كىشى ئەمەسلىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ يېتىمچىلىكتە چوڭ بولغانلىقى؛

4. يېتىملارغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارنى بېقىپ، ياخشى تەربىيەلەپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى تۈزەشنىڭ ياخشىلىقى، يېتىملارنىڭ مۇئمىن مۇسۇلمانلارنىڭ قېرىنداشلىرى ئىكەنلىكى؛

5. ھەرقانداق بىر جان ئىگىسىنىڭ ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىيدىغانلىقى، ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى؛

6. يېتىم بالا بار ۋە ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىنىدىغان ئۆي مۇسۇلمان ئائىلىلەر ئىچىدە ئەڭ ياخشى ئۆي ھېسابلىنىدىغانلىقى، يېتىم بالا بار ۋە ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىنمايدىغان ئۆي مۇسۇلمان ئائىلىلەر ئىچىدە ئەڭ يامان ئۆي ھېسابلىنىدىغانلىقى؛

7. قاتتىقلىشىپ كەتكەن قەلبنىڭ يېتىمغا

ياخشىلىق قىلىش ۋە مىسكىنلەرگە تاماق بېرىش ئارقىلىق يۇمشايدىغانلىقى، يېتىم ـ يېسىرلارغا مېھىر ـ شەپقەتلىك بولۇش ۋە ئۇلارنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىشنىڭ قەلبلەرنىڭ يۇمشىشى، ھاجەتلەرنىڭ راۋا بولۇشىغا تۈرتكىلىك سەۋەب بولۇشى، بۇ ئىشنىڭ ئاللاھ تائالانى ئەڭ مەمنۇن قىلىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىگە ئىشارەت بولالايدىغانلىقى؛

**8**. مۇلايىملىقنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىدىن بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇلايىملىقنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى، قوپال، ناچار خۇلۇقلۇق كىشىلەرنى ياقتۇرمايدىغانلىقى؛

**9**. ئاللاھ تائالانىڭ يېتىملارنىڭ ۋەسىيلىكىنى ئۈستىگە ئالغان كىشىلەرگە يېتىملارنىڭ مال ـ مۈلۈكى ۋە مىراسلىرىغا خىيانەت قىلماستىن، بۇزۇپ ـ چاچماستىن ئەڭ توغرا ئۇسۇلدا خىراجەت قىلىپ بېرىشكە، يېتىملارنىڭ ماللىرىنى ئۇلار بالاغەتكە يەتكەندە، سىناپ بېقىپ ئاندىن ئۇلارغا بېرىشكە بۇيرۇيدىغانلىقى؛

**10**. پېقىر، مۇھتاج كىشىلەرنىڭ يېتىملارنىڭ ماللىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئەمگىكىگە لايىق يېيىشىنىڭ دۇرۇسلۇقى، ئەمما يېتىمنىڭ مېلىنى بۇزۇپ ـ چېچۋېتىش، بىر نەرسىلىرىنى تىقىۋېلىش ياكى مال ـ مۈلكى تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە يېتىمنىڭ مال ـ مۈلكىنى يەۋېلىشىنىڭ قەتئىي دۇرۇس ئەمەسلىكى؛

**11**. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېتىم ۋە تۇل ئاياللىرىدىن ئىبارەت ئىككى ئاجىزنىڭ ھەققىگە چېقىلىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرغانلىقى، يېتىمنىڭ ھەققىنى ناھەق يەۋالغان كىشى چوڭ گۇناھ سادىر قىلغان بولىدىغانلىقى؛

**12**. يېتىملارغا كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ساۋاب ئىزدىگەن، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇپ، رەھمىتىنى ئۈمىد قىلغان ئادەمنىڭ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىرايدىغانلىقى؛

**13**. ئاللاھ تائالانىڭ جاھان ئەھلىگە ئاجىز كىشىلەرنىڭ بەرىكىتىدىن مەدەت قىلىپ تۇرىدىغانلىقى ۋە رىزق بېرىدىغانلىقى.

(ئاپتور: پەيزىۋات ناھىيە گۈللۈك يېزا ئاقتوقاي كەنت مەسچىتىنىڭ ئىمام ـ خاتىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: ئادىل ھاجى كېرىم)

***ئايەت*** —— ئالامەت، ئىشارەت، مۆجىزە، دەلىل، ئىبرەت. 1. قۇرئان كەرىم سۈرىلىرىدىكى ھەربىر جۈملە ياكى جۈملىنى تەشكىل قىلغان ئىبارىلەر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ''**شەك-شۈبھىسىزكى، ساڭا بىز روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدۇق، ئۇلارنى پەقەت توغرا يولدىن چىققانلارلا ئىنكار قىلىدۇ**''{سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 99 ـ ئايەت}. قۇرئان كەرىمدە 114 سۈرە، 6236 ئايەت بار. بۇنىڭدىن ئاز ياكى كۆپ دېگەنلەر بار، چۈنكى بەزىلىرى ئۇزۇن ئايەتلەرنى قىسقا ئايەتلەرگە بۆلگەن ياكى قىسقا ئايەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ بىر ئايەت دەپ ھېسابلىغان. بەزىلىرى سۈرىلەرنىڭ بېشىدىكى ''بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم''نى بىر ياكى ئايرىم ـ ئايرىم ئايەت دەپ قارىغان. ئايەتى كەرىمەلەرنى قىسقا ھەم تولۇق تەرجىمە قىلغىلى بولمايدۇ، مۇفەسسىرلەر ئايەتلەرنى تەرجىمە قىلماي، ئۇزۇن تەپسىر قىلىش ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقان. 2. ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى، بىرلىكى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەت، ئىشارەت، دەلىل، مۆجىزە، ئىبرەت. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ''**شەك-شۈبھىسىزكى، ئاسمان ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىشىدە، كىشىلەرگە پايدىلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەن كېمىلەردە، ئاللاھ بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۆلگەن زېمىننى جانلاندۇرىدىغان يامغۇردا، يەر يۈزىگە تارقىتىۋەتكەن ھايۋانلاردا، شامال يۆنىلىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدا، ئاسمان-زېمىن ئارىسىدا بويسۇندۇرۇلغان بۇلۇتلاردا، ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە(ئاللاھنىڭ بىرلىكى ۋە بارلىقىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر باردۇر**''{سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 164 ـ ئايەت}؛ ''**بىلمىسىزلەر(يەنى قۇرەيش مۇشرىكلىرى): 'ئاللاھ نېمە ئۈچۈن بىزگە گەپ قىلمايدۇ؟ ياكى نېمە ئۈچۈن بىزگە بىرەر مۆجىزە كەلمەيدۇ؟' دەيدۇ. ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرمۇ شۇنداق سۆزنى قىلغان ئىدى؛ ئۇلارنىڭ دىللىرى بىر-بىرىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. ھەقىقەتەن بىز ئايەتلىرىمىزنى شەكسىز ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن بايان قىلدۇق**''{سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 118 ـ ئايەت}.(ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد تەييارلىغان)



# ئىسلامدىكى ئىبادەت

مۇھەممەد ئابدۇرېھىم

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

## 1. ئىبادەتنىڭ تەبىرى

ھەممىگە مەلۇمكى، "ئىبادەت" سۆزى ئەرەب تىلىدىن ئۆزلەشكەن سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسى "ئىبادەت قىلىش، قۇلچىلىق قىلىش، ئىتائەت قىلىش، بويسۇنۇش، تېۋىنىش" دېگەن بولىدۇ؛ شەرىئەتتىكى ئىستىمال مەنىسى بولسا بەندىلەرنىڭ ئاللاھقا چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە ئىخلاس بىلەن تولۇق يۈزلىنىشى، بويسۇنۇشى، ئىتائەت قىلىشى، شۇنداقلا ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بۇيرۇغان بارلىق ئەمەللەرنى ھۇزۇرى قەلب ۋە ئىتائەتمەنلىك بىلەن ياخشى ئادا قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىبادەت ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ھەم رازى بولىدىغان، شۇنداقلا قىلىشقا بۇيرۇغان بارلىق ئىچكى-تاشقى ئەمەللەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر.

## 2. ئىبادەتنىڭ تۈرلىرى

**ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: "(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، 'مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر. ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنداق دەپ ئېتىقاد قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. مەن مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجىسىمەن،'** "{سۈرە «ئەنئام»(6 - سۈرە)، **162 - ، 163** - ئايەت}.

بۇ ئايەتتە كۆرسىتىلگەندەك ئىبادەت تۈرلۈك بولىدۇ. "شەيخۇل ئىسلام" ئىبنى تەيمىيە يۇقىرىقى ئايەتكە قارىتا ئىبادەتنىڭ تۈرلىرىنى تېخىمۇ تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ئىبادەت بولسا ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىش، ئۆمرە ھەج قىلىش، دۇئا قىلىش، زىكىر-تەسبىھ ئېيتىش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، سەمىمىي، راستچىل بولۇش، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، كىشىلەرگە سىلە-رەھىم قىلىش، ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، كىشىلەر ئارىسىدا ئادىل بولۇش، كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش،

ئەمەل-ئىبادەت

www.uyghurkitap.com



قىينچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم بېرىش قاتارلىقلاردۇر. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرۈش، ئاللاھتىن قورقۇش، ئاللاھنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە شۈكرى قىلىش، ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە يەنى قازائى ـ قەدەرگە رازى بولۇش، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش، ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابىدىن قورقۇش، تەۋبە قىلىش، سەۋر قىلىش، جەمئىيەت ۋە خەلق ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، باشقىلار بىلەن ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتۈش، ھالال كەسىپ بىلەن تىرىكچىلىك قىلىش، ئىلىم تەھسىل قىلىش قاتارلىقلارمۇ ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ئىلىم ئۆگىنىشنى مىسالغا ئالساق: ئاللاھ تائالا ئىلىم تەلەپ قىلىشنىڭ پەرز ئىبادەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ھەم ئۇنىڭ ئىنساننىڭ ھاياتىدا مۇھىم ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ تۇنجى ۋەھيىنى "ئوقۇغىن" دېگەن بۇيرۇق سۆزى بىلەن باشلىغان. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: "**ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. سەن ئوقۇغىن. پەرۋەردىگارىڭ ئىنسانغا قەلەم بىلەن خەت يېزىشنى ئۆگەتكەن، بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈرگەن ئەڭ كەرەملىك زاتتۇر**"{سۈرە«ئەلەق»(96 ـ سۈرە)، 1 — 5 ـ ئايەتلەر}. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئىلىم تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئىبادەتنىڭ مۇھىملىقىنى ھەم ئۇنىڭ پەرز ئىبادەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "**ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر**" (بەيھەقى رىۋايەت قىلغان).

ھالال كەسىپ بىلەن جان بېقىشمۇ ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: "**ئاللاھ تائالا بەندىسىنىڭ تىرىكچىلىك قىلىش يولىدا ھېرىپ ـ چارچىغانلىقىنى كۆرۈشنى ياقتۇرىدۇ**"(دەيلەمى رىۋايەت قىلغان).

ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بۇيرۇغان ئەمەللەرنى قىلىش ئىبادەت بولغىنىدەك، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى چەكلىگەن ئىشلاردىن يېنىشمۇ ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدىكى گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەت، مۇئامىلە، تىرىكچىلىك قاتارلىقلار ئىسلامىيەتكە ئۇيغۇنلا بولسا ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقى كۆزدە تۇتۇلغانلا بولسا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىبادەت ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي بولغان بەش پەرزدىن ھالقىپ، ۋاجىب، سۈننەت، مۇستەھەب ئەمەللەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، تېخىمۇ كەڭ مەنىلەرگە ئىگە بولغان، دىنىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا چېتىلىدىغان، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ دائىرىلىك ئۇقۇمدۇر.

ئىبادەت زامان ـ ماكان چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان بولۇپ، ئۇنى خاس ۋاقىت ۋە خاس ئورۇنلاردىلا ئېلىپ بېرىش تەلەپ قىلىنماستىن، بەلكى ئۇنى ھەرقانداق ۋاقىت ۋە ھەرقانداق ئورۇندا، ھەربىر نەپەس، ھەربىر تىنىقتا ئېلىپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

## 3. ئىبادەتنىڭ مەقبۇل بولۇشىدىكى شەرتلەر

ئىبادەتنىڭ مەقبۇل بولۇشىدا ئىككى شەرت بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى ئىبادەتنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلىنىشى ھەم ئاللاھنىڭ رازىلىقى كۆزدە تۇتۇلىشىدۇر. يەنە بىرى بولسا پەيغەمبىرىمىز ئۆزىنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق كۆرسىتىپ بەرگەن بويىچە ئېلىپ بېرىلىشىدۇر. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، "ئاللاھتىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھىي مەبۇدنىڭ يوقلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن" دېگەن شاھادەتنىڭ تەقەززاسى بولسا، ئەمەل ـ ئىبادەتنى ئاللاھقىلا خالىس قىلىش؛ "مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن" دېگەن بۇ شاھادەتنىڭ تەقەززاسى بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ سۈننىتى بويىچە يول تۇتۇشتۇر. شۇڭا ھەرقانداق بىر ئەمەل ـ ئىبادەتنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلىنىشى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە مۇۋاپىق، مۇتابىق بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ئىككى شەرتنىڭ بىرى كەم بولسا بولمايدۇ. شەرت تېپىلمىسا، ئاللاھ تائالا بۇنداق ئىبادەتنى قوبۇل قىلماي، بەلكى ئۇنى رەت قىلىدۇ. ئىخلاسنىڭ بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئەمەل ـ ئىبادەتنىڭ رەت قىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: "**بىز ئۇلارنىڭ قىلغان(ياخشى) ئەمەللىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىمىز**"{سۈرە«فۇرقان»(25 ـ سۈرە)، 23 ـ ئايەت}. پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام: ئەمەل سۈننەتنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلماي، بىدئەتنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلۇپ قالسا، ئۇنداق ئەمەلنىڭ رەت قىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **"كىمكى دىنىمىزدا يوق ئىشنى پەيدا قىلسا، ئۇ رەت قىلىنىدۇ"**(بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

## 4. ئىبادەت قىلىشتىكى مەقسەت

ئىبادەت قىلىشتىكى ئاساسىي مەقسەت بولسا، ئىبادەتكە لايىق زات ئاللاھنىڭ شېرىكى يوق، يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى، كائىناتتىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكىنى بىلىشتۇر. شۇنداقلا ئۇنىڭ بىزلەرگە بەرگەن نېمەتلىرىگە شۈكرى قىلىشتۇر، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بۇيرۇغان بارلىق ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى چەكلىگەن بارلىق يامان ئىشلاردىن قەتئىي يېنىپ، يەنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ ئاخىرقى ھېسابتا دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت - سائادىتىگە ئېرىشىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ مەخلۇقاتلارنى يارىتىشى، پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىشى ۋە كىتابلارنى نازىل قىلىشىدىكى مەقسىتىنىڭ بەندىلەرنى ئۆزىگە قۇلچىلىق قىلىشقا بۇيرۇش، باشقا مەبۇدلارغا چوقۇنۇشتىن توسۇش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق ئايەتلەرنى بايان قىلىدۇ: **"مەن جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا قۇلچىلىق قىلسۇن دەپلا ياراتتىم"**{سۈرە«زارىيات»(51 - سۈرە)، 56 - ئايەت}. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **"بىز ھەقىقەتەن ھەربىر ئۈممەتكە: 'ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن يىراق بولۇڭلار' دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق"**{سۈرە«نەھل»(16 - سۈرە)، 36 - ئايەت}. ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: **"(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: 'مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار' دەپ ۋەھيى قىلدۇق"**{سۈرە«ئەنبىيا»(21 - سۈرە)، 25 - ئايەت}. يۇقىرىقى ئايەتلەردىن ئايان بولغىنىدەك بىزلەرنىڭ ياراتقۇچىمىز بولغان ئاللاھنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇشىمىز، ئۇنىڭغا ھەقىقىي رەۋىشتە قۇلچىلىق قىلىشىمىز، ئاسىي بولماسلىقىمىز بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇقەددەس بۇرچىمىزدۇر، چۈنكى ئاللاھ بولسا ياراتقۇچى ئىلاھ، بىز بولساق يارالغۇچى ئىنسان.

## 5. ئىبادەتنىڭ تەسىرى

ئىبادەت ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان چوڭ بىر مەنىۋى بايلىق بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىغا ياخشى، ئىجابىي تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ، يەنى مۇسۇلمانلارغا كۆڭۈل خۇشاللىقى، دىل ئارامى، تۇرمۇش پاراۋانلىقى، سالامەتلىك، راھەت - پاراغەت، ئىناق - ئىتتىپاقلىق، خاتىرجەملىك قاتارلىقلارنى بەخش ئېتىدۇ.

ئاللاھ تائالا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى بەخت - سائادەتنىڭ ئاساسىي بولغان تەقۋادارلىق ۋە ئەمەل - ئىبادەتلەرنىڭ ياخشى تەسىرلەرنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **"كىمكى ئاللاھتىن قورققىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەرلەردىن رىزىق بېرىدۇ"**{سۈرە«تەلاق»(65 - سۈرە)، 2 - ، 3 - ئايەت}. بۇ ئايەتتە ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارنى تولۇق بەجا كەلتۈرۈش ۋە ئاللاھ چەكلىگەن ئىشلاردىن قەتئىي يېنىش ئارقىلىق ئاللاھقا بويسۇنغان ۋە ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلغان كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ ئويلىمىغان يەرلەردىن رىزىق بېرىدىغانلىقى ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"سەن ئاللاھنى ئەسلىسەڭ، ئاللاھمۇ سېنى ئەسلەيدۇ. سەن ئاللاھنى ياد ئەتسەڭ، سەن ئۇنى ئالدىڭدا تاپىسەن. سەن تۇرمۇشۇڭ باياشات بولغاندا ئاللاھقا تونۇلساڭ، ئاللاھ سېنى قىيىنچىلىق ۋاقتىڭدا تونۇيدۇ"**(ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان). بۇ ھەدىس بىزگە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، بەندە ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلىش، ئاللاھ چەكلىگەن ئىشلاردىن يېنىش، يەنى ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنى ياد ئەتسە، ئاللاھمۇ ئۇنى تۈرلۈك خېيىم - خەتەر، بالا - قازا، كۆڭۈلسىزلىك، ئازغۇنلۇقلاردىن ساقلاش ئارقىلىق ياد ئېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىدا توغرا يولدا بولۇپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت - سائادىتىگە ئېرىشىدۇ. بەندە باياشات ۋاقتىدا ئاللاھقا تائەت - ئىبادەت قىلىشنى

uyghurkitap.com

ئۆزىگە لازىم تۇتسا، ئاللاھ ئۇنى قىيىنچىلىقتا قالغاندا ياردەم قىلىدۇ.

ئىسلامنىڭ ئاساسىي بولغان ناماز، زاكات، روزا، ھەج قاتارلىق پەرز ئىبادەتلەر مۇسۇلمانلارنىڭ مەنىۋىيىتىنى بېيىتىدىغان روھىي بايلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىغا چوڭقۇر ھەم ياخشى تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

ناماز بولسا ئىسلام دىنىنىڭ تۈۋرۈكى بولۇپ، ئۇ ئىنساننى رەزىللىك ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ. ھەمدە ئۇ بىر پۇختا رىشتە بولۇپ بەندىنى پەرۋەردىگارىغا باغلايدۇ. ئەگەر ئىنسان تۈرلۈك ئىبادەتلەرگە ئەھمىيەت بەرسە، ئۇنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان رىشتىسى پۇختىلىنىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا ئەجىر ـ ساۋابلارنى ئاتا قىلىدۇ. ئاللاھ ئۇنى قەبىھ ئىشلاردىن، گۇناھلاردىن يىراق قىلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **"نامازنى مۇكەممەل بىلەن ئوقۇغىن، مۇكەممەل ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ"**(سۈرە «ئەنكەبۇت»(**29** ـ سۈرە)، **45** ـ ئايەت).

زاكاتتىن ئىبارەت بۇ ئىقتىسادىي ئىبادەتنىڭمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇ ئىنساننى نەپسىنىڭ بېخىللىق، ئاچكۆزلۈك ۋە شەخسىيەتچىلىك ئىللەتلىرىدىن ساقلايدۇ. پۇل ـ مالنى پاكلاپ، ئۇنىڭ بەرىكەتلىك بولۇشىغا، كۆپىيىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئۇ يەنە كەمبەغەل ـ مىسكىنلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقىپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ھەسەتخورلۇق، ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەتتىن توسۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەت ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا ئىناقلىق، مېھرىبانلىق، باراۋەرلىك كەيپىياتى شەكىللىنىدۇ.

ئەمما، روزا تۇتۇشقا كەلسەك، روزا تۇتۇشتىن ئىبارەت بۇ ئىبادەتنىڭمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئىنتايىن زور، چۈنكى روزا گويا بىر مەكتەپ كەبى بولۇپ، ئۇ مۇسۇلمانلارغا تەقۋادارلىقنى، گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرنى ۋە نەپسى بىلەن كۈرەش قىلىشنى ئۆگىتىدۇ، ئۇلارنى سەۋرگە يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى چىڭىتىدۇ. بايلارغا ئاچلىقنىڭ تەمىنى تېتىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى كەمبەغەل، مىسكىنلەرنىڭ ھالىغا يېتىدىغان قىلىدۇ. روزا تۇتۇش بولسا مۇسۇلمانلارنى گۇناھلاردىن پاكلاپ، دوزاختىن ساقلايدىغان بىر قالقاندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"روزا تۇتۇش قالقاندۇر"** (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

ئەمما، ھەجگە كەلسەك، ئۇمۇ چوڭ ئىبادەت بولۇپ، ئاللاھ ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج قىلىشنى پەرز قىلغان. بۇ ئىبادەت پۇل ـ مال ۋە بەدەن ئارقىلىق بولىدىغان ئىبادەت بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا ئۇنىڭ كۆرسىتىدىغان تەسىرىمۇ ئىنتايىن چوڭدۇر، ماختاشقا تېگىشلىك نەتىجىلىرى باردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئۆمرە يەنە بىر ئۆمرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى گۇناھلارغا كاپارەت بولىدۇ، راۋرۇس قىلىنغان ھەجنىڭ مۇكاپاتى پەقەت جەننەتتۇر"** (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ھەجدىن ئىبارەت بولغان بۇ ئىبادەت مۇئمىننى سەۋر قىلىش ۋە جاپاغا چىداش روھىغا يېتەكلەيدۇ، نەپسىنى گۇناھ ـ مەئسىيەتلەردىن، بېخىللىقتىن پاكلايدۇ. ھەج دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ يىللىق يىغىلىشى بولۇپ، مۇسۇلمانلارغا ئۆزئارا ئۇچرىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا چۈشىنىش، ئۆزئارا ياردەم بېرىشتەك دىنىي قېرىنداشلىقنى ئورنىتىدۇ.

دېمەك، ئاللاھ پەرز قىلغان، ئىسلام دىنى ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇشۇ چوڭ ئىبادەتلەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشىمىغان باشقا ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا ياخشى تەسىرلەرنى پەيدا قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ھاياتىغىمۇ چوڭ تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىپ، جەننەتتىن ئىبارەت مەڭگۈلۈك بەختكە مۇيەسسەر قىلىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئىبادەت سۈرە«فاتىھە»دە **"ئى ئاللاھ! ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز"** دېگەندەك خالىس ئاللاھقىلا قۇلچىلىق قىلىش بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ چۈشەنچىمىزدىكى دائىرىدىن ھالقىغان ناھايىتى كەڭ مەنىلەرگە ئىگىدۇر. ئىبادەت مۇسۇلمانلارنى پەرۋەردىگارىغا مەھكەم باغلاپ تۇرىدىغان دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە ئۇلاشتۇرىدىغان بىر خىل ۋاستىدۇر.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدەررىسى؛
تەھرىرلىگۈچى: ئادىل ھاجى كېرىم)

# ئىسلام تىنچلىق دىنىدۇر



ئەخمەت مەتنىياز دامولla ھاجىم

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك دوستلار، قېرىنداشلار! ھەممىمىزگە مەلۇم تىنچلىق، خاتىرجەملىك ئىنسانلارنىڭ بىردىنبىر غايىسى، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنىڭ ئەڭ ئالىسى، بارلىق تىرىشچانلىقلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى، كۆزلىگەن نىشانىغا يېتىشىنىڭ شوتىسى، كۆڭلى ئارامىنىڭ مەنزىلگاھى، ئاللاھ ئاتا قىلغان نېمەتلەرنىڭ دۇردانىسى. مۇشۇ ۋەجىدىن ئاللاھ بۇ دۇنيادا ئىنسانغا ئاتا قىلغان ھەرقانداق نېمەتنى مەن سىلەرگە بەرمەكچى بولغان نېمىتىمنىڭ ئەڭ ۋايىغا يەتكىنى، ئەڭ مۇكەممەلى دېمەي، ئىنسانلارنى تىنچلىق، خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرىدىغان ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت نېمىتىنى ئەڭ ۋايىغا يەتكەن، ئەڭ مۇكەممەل، ئاللاھ ئىنسانغا ئاتا قىلغان كۆڭۈلدىكىدەك نېمىتى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى، بۇ توغرىلىق قۇرئانى كەرىمدە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ”**بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى كامالىغا يەتكۈزدۈم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم**“{سۈرە«مائىدە»(5 ـ سۈرە)، 3 ـ ئايەت}.

بۇ ئايەتتىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاللاھ رازى بولغان ئىسلام دىنى بولسا ئاللاھنىڭ بۇ دۇنيادا ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇكەممەل نېمەت. بۇ ئايەتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ چۈشىنىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئىسلام دىنىنىڭ ماھىيىتى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشىمىز كېرەك.

”ئىسلام“ دېگەن سۆز ”سىلمى“ دېگەن سۆزدىن تۈرلىنىپ چىققان بولۇپ، بۇ ئىككىسىنىڭ بىر خىل مەنىدە كېلىدىغانلىقىنى تۆۋەندىكى ئايەتلەردىن كۆرۈۋالالايمىز. سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 131 ـ ئايەتتە: ”**ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا: سەن ئىتائەت قىلغىن، دېگەن ئىدى. ئۇ: ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلدىم، دېدى**“ دەپ كەلگەن بولسا، سۈرە«نەھل»(16 ـ سۈرە). 87 ـ ئايەتتە ”**شۇ كۈندە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھقا باش ئەگكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ**“ دەپ كەلدى، بۇ ئىككى ئايەتتىن ”ئىسلام“ ۋە ”سىلمى“ دېگەن سۆزنىڭ ”ئاللاھقا ئىتائەت قىلماق،

ۋەز ـ تەبلىغ

ئاللاھقا بويسۇنماق» دېگەن مەنىدە كېلىدىغانلىقىنى بىلىۋالغان بولساق، سۈرە«بەقەرە» (2 ـ سۈرە)، 208 ـ ئايەتتىكى ‹‹**ئى مۆئمىنلەر! ئىسلام دىنىغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار**›› دېگەن لەفزىدە ‹‹ئىسلام›› دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا ‹‹سىلمى›› دېگەن سۆزنىڭ ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بىلىۋالدۇق، ئەمدى سۈرە «ئەنفال»(8 ـ سۈرە)، 61 ـ ئايەتتىكى ‹‹**(ئى مۇھەممەد!) ئەگەر ئۇلار تىنچلىققا مايىل بولسا، سەنمۇ تىنچلىققا مايىل بولغىن**›› دېگەن سۆزدىكى ‹‹سىلمى›› دېگەن لەفزى ‹‹تىنچلىق›› دېگەن مەنىدە كەلدى، يۇقىرىقى ئايەتلەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ‹‹ئىسلام››، ‹‹سىلمى›› دېگەن ئىككى سۆز بىر خىل مەنىدە، بىر ـ بىرىنىڭ ئورنىغا ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەر بولۇپ، ‹‹بويسۇنماق، ئىتائەت قىلماق، تىنچلىققا ئېرىشمەك، خاتىرجەم بولماق›› دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. بۇ مەزمۇننى رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنۇ ھەدىسى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ: رەسۇلۇللاھ دىھيەنى بۇسرانىڭ كاتىپلىرىغا خەت ئەۋەتىش ئۈچۈن چاقىردى، دىھيە خەتنى رۇمنىڭ كاتىپسى ھىرەقلىگە بەردى، ھىرەقلى خەتنى ئوقۇدى، خەتتە: ‹‹مېھرىبان، شەپقەتلىك ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى مۇھەممەدتىن رۇمنىڭ كاتىپسى ھىرەقلىگە. توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە تىنچلىق يار بولسۇن، مەن سىزنى ئىسلام دىنىنىڭ چاقىرىقىغا چاقىرىمەن، مۇسۇلمان بولۇڭ تىنچلىققا ئېرىشىسىز، ئاللاھ سىزگە ئەجىر ئۈستىگە ئەجىر بەرگەي›› دېگەن سۆزلەر بار ئىدى. يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىس بىزگە شۇنى ئېنىق ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇكى، بەندىلەر ئاللاھ رازى بولغان ئىسلام دىنى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ئەينەن ئىجرا قىلىش ئارقىلىق ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ، ئاللاھقا بويسۇنۇپ خاتىرجەملىككە، تىنچلىققا ئېرىشسە ئاللاھ بۇ بەندىلەردىن رازى بولىدۇ. دېمەك ئىسلام دىنى ئىنسانلارغا خاتىرجەملىك، تىنچلىق ئېلىپ كېلىدۇ.

**1. ئىسلام دىنىدا قوشنىدارچىلىق ۋە قوشنىنىڭ ھەققى ناھايىتى مۇھىمدۇر.**

ھەرقانداق ئىنسان ئاۋۋال ھەر تەرەپتىن تىنچ، خاتىرجەم بولۇشنى، ئاندىن پاكىز، قولايلىق شارائىت بولۇشنى، ئىقتىسادى ياخشى بولۇشنى، ھەممە ئادەم ئۆزىنى ھۆرمەتلەشنى ياخشى كۆرىدۇ، مۇشۇ ئىشلارنى قېرىندىشىدا بولۇشنى ياخشى كۆرۈش بولسا ھەققىي مۆئمىنىنىڭ ئىشى. ئىسلام دىنى مۆئمىنلەردىن ئۆزئارا دوست بولۇشنى، قوشنىلارغا ئىششەنچلىك بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ: ‹‹**ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۆئمىن بولالمايدۇ، دەپ ئۈچ قېتىم دېۋىدى، ساھابىلەر: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، كىم مۆئمىن بولالمايدۇ؟** دېۋىدى، **رەسۇلۇللاھ: قوشنىسىنى خاتىرجەم قىلمىغان ئادەم مۆئمىن بولالمايدۇ**›› دېدى(بۇخارى رىۋايەت قىلغان). بۇ ھەدىستىن قوشنىلار ئارا ئىششەنچنىڭ مۇھىملىقىنى، قوشنىسىنىڭ مېلىغا، ھەتتا جېنىغا قەست قىلغۇچىنىڭ ھالاك بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا قوشنىسى گەرچە كۇففار بولسىمۇ ئۇنىڭغا قەست قىلسا، ئۇ ئادەمگە دوزاخ ۋاجىب بولىدۇ. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزەيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان بىر ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ: ‹‹**بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ قېنىنى تۆكمەيمەن دەپ تۇرۇپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويسا، ئۆلتۈرۈلگۈچى گەرچە كۇففار بولسىمۇ(ئۆلتۈرگۈچىگە) دوزاختە بولۇش ۋاجىب بولىدۇ**›› دېدى. ئابدۇللا ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان بىر ھەدىستە، بىر ئادەم: ‹‹ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، مۆئمىن دېگەن كىم؟›› دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ: ‹‹**كىشىلەرگە خاتىرجەملىك بېرىدىغان كىشى مۆئمىن دېيىلىدۇ**›› دېدى.

**2. مۇقەددەس ماكان مەككە تىنچلىق شەھىرىدۇر؛ بەلكى بۇ شەھەر باشقا شەھەرلەر، باشقا ماكانلارنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن بىر ئۈرنەكتۇر.**

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ تائالادىن مەككە شەھرىنى تىنچ، خاتىرجەم شەھەر قىلىشنى، بۇ شەھەردە ياشىغان مۆئمىنلەرنى ياخشى ئوزۇقلاندۇرۇشنى تىلەپ دۇئا قىلغان.

‹‹**ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: ‹ئى رەببىم! بۇ شەھەر(مەككە)نى تىنچ شەھەر قىلىپ بەرگىن، ئاھالىسىدىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقانلارنى تۈرلۈك مېۋىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرغىن› دېگەن ئىدى. ئاللاھ: ‹كافىرنىمۇ بۇ مېۋىلەردىن ئازغىنە مۇددەت(يەنى دۇنيادا) بەھرىمەن قىلىمەن، ئاندىن كېيىن ئۇنى دوزاخ ئازابىغا مەجبۇرلايمەن. بۇ دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي-ھە!› دېدى**››{سۈرە«بەقەرە» (2 ـ سۈرە)، 126 ـ ئايەت}.

مۇشۇ ئايەتتىكى تەلەپ بويىچە، ھەر ئىنسان ‹‹ئاللاھ ماڭا مۇشۇ دۇنيادا، مۇشۇ زېمىندا

ئەركىنلىكىمنى، رىزقىمنى بەرگەن» دەپ ئاللاھنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ، ئاللاھنى زىكرى قىلسا كۆڭلى جايىغا چۈشىدۇ، تىنچ ۋە خاتىرجەم بولىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «**بىلىڭلاركى، دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ**»{سۈرە «رەئد» (13 ـ سۈرە)، **28** ـ ئايەت}.

يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىستىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتكە تىنچلىق، خاتىرجەملىك ئېلىپ كەلگەن ئادەم ھەقىقىي مۇئمىن ھېسابلىنىدۇ. مۇئمىن ئادەم پەقەت مۇئمىنلەرنىڭلا مەنپەئەتىنى كۆزلىمەي، شۇ جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان كەڭ ئاممىنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىش كېرەك، مانا بۇ ئىسلام دىنى، ئىسلام دىنىدا مۇشۇنداق ئادالەت، پەزىلەت بولغاچقا ئاللاھ ئىسلام دىنىدىن رازى بولغان، ئاللاھنىڭ ئىسلام دىنىدىن رازى بولۇشى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش ئېلىپ بارغان مۇئمىنلەردىنمۇ رازى بولۇشىدۇر.

**3. ئەمرىمەرۇپ، نەھيى مۇنكەر (ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش) نىڭ ئاخىرقى مەقسىتى تىنچلىق، خاتىرجەملىك ۋە گۈللىنىشتۇر.** ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «**ئاللاھ ھەقىقەتەن ئادىل بولۇشقا، ياخشىلىق قىلىشقا، يېقىن تۇغقانلارغا ياردەم بېرىشكە بۇيرۇيدۇ؛ قەبىھ (سۆز - ھەرىكەتلەر) دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ. نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ، ئاللاھ سىلەرگە پەند - نەسىھەت قىلىدۇ**»{سۈرە «نەھل» (16 ـ سۈرە)، **90** ـ ئايەت}.

ئىبنى ئەتىييە دېگەن ئالىم: «ئەقىدە ۋە ئامانەتنى ئادا قىلىشتىكى شەرىئەتلەر ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق پەرزلەرنى، زۇلۇمدىن قول ئۈزۈشنى، ھەقنى ئادا قىلىشنى ئايەتتىكى ئەدلى دېگەن سۆز ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەرقانداق ياخشى ئىشلارنى ئايەتتىكى ئېھسان دېگەن سۆز ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دېدى. مۇشۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى بويىچە، مۇشۇ ئايەتنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن ئىش ئېلىپ بارغان كىشى مۇسۇلمان دەپ ئاتىلىدۇ، ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلاردىن بىر ـ بىرىگە تىنچلىق ئېلىپ كېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**4. ھەججەتۇل ۋىدا (ۋىدالىشىش ھەجى) نۇتقى ئەمەلىيەتتە تىنچلىق چاقىرىقىدۇر.**

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلاردىن بىر ـ بىرىنىڭ قېنىنى تۆكمەسلىكنى، ماللىرىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلماسلىقنى، بىر ـ بىرىنىڭ ئابرۇيىنى تۆكمەسلىكنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «رەسۇلۇللاھ ھەج ئېيىنىڭ 10 ـ كۈنى ۋىدالىشىش ھەجىدە مىسرادىكى تاش ئاتىدىغان ئورۇندا تۇرۇپ: بۇ قايسى كۈن؟ دېۋىدى، ساھابىلەر: بۇ ھەج ئېيىنىڭ 10 ـ كۈنى دېدى. رەسۇلۇللاھ: **بۇ قايسى شەھەر**؟ دېۋىدى، ساھابىلەر: بۇ ئۇرۇش ھارام قىلىنغان شەھەر، دېدى. رەسۇلۇللاھ: **بۇ قايسى ئاي**؟ دېۋىدى. ساھابىلەر: بۇ بۇ ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئاي، دېدى؛ رەسۇلۇللاھ: **بۈگۈن ئۇلۇغ ھەج كۈنى، مۇشۇ كۈندە مۇشۇ شەھەردە ئۇرۇش قىلىش ھارام بولغاندەك سىلەرنىڭ قېنىڭلار، سىلەرنىڭ مېلىڭلار، بىر ـ بىرىڭلارغا ھارام (بىر ـ بىرىڭلارنىڭ قېنىنى تۆكۈش، ماللىرىنى بۇلاش، بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈش سىلەرگە ھارام) دېدى، ئاندىن مەن سىلەرگە يەتكۈزدۇممۇ؟** دېدى، ساھابىلەر: «يەتكۈزدىلە» دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ: «ئى ئاللاھ بۇنىڭغا گۇۋاھ بولغىن» دېگەن ھالەتتە كىشىلەر بىلەن خوشلاشتى، ساھابىلەر: بۇ ھەج ۋىدالىشىش ھەجى ئىدى، دەيدۇ»(بۇخارى رىۋايەت قىلغان). مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ماھىيىتى بولغان تىنچلىق، خاتىرجەملىككە خىلاپ ئىش قىلىپ قويماسلىقنى كۆزدە تۇتۇپ تونۇشسۇن ـ تونۇشمىسۇن ئۆزئارا كۆرۈشكەندە ئىسلام ۋە سىلمى بىلەن بىر مەنىگە ئىگە «سالام» لەفزى بىلەن «مەن سىزگە تىنچلىق تىلەيمەن، سىزگە دەخلى قىلمايمەن، مەندىن خاتىرجەم بولۇڭ» دەپ بىر ـ بىرىگە ۋەدە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «**سىلەر ئۆيلەرگە كىرگەن چېغىڭلاردا ئۆزۈڭلارغا ئاللاھ بەلگىلىگەن مۇبارەك، پاك سالامنى بېرىڭلار (يەنى ئەسسالامۇئەلەيكۇم دەڭلار). ئاللاھ سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ ئايەتلەرنى مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ**»{سۈرە «نۇر» (24 ـ سۈرە)، **61** ـ ئايەت}.

ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: رەسۇلۇللاھ مەدىنەگە كەلگەندە كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ تۇنجى قېتىم ئاڭلىغىنىم «**ئى ئىنسانلار سىلەردىن بىر ـ بىرىڭلارغا تىنچلىق، خاتىرجەملىك تىلەيدىغان سالامنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار، كىشىلەرگە تاماق بېرىڭلار، ئۇرۇق تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتنى چىڭىتىڭلا، كېچىسى كىشىلەر**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**ئۇخلاۋاتقاندا ناماز ئوقۇڭلار، ئاللاھنىڭ جەننىتىگە تىنچ ـ ئامان كىرىسىلەر دېگەن سۆز بولدى“ دەيدۇ(دارىمى** رىۋايەت قىلغان). مۇسۇلمانلار ئاللاھقا ئىخلاسمەن كىشىلەر بولغاچقا تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكنىڭ دەرىجىسى مۇسۇلمانلار ئىچىدە تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلسۇن ئۈچۈن ئاللاھ ئۆزىنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىنىڭ بىرىنىڭ ”سالام“ ئىكەنلىكىنى مۇسۇلمانلارغا ئۇقتۇردى. پۈتۈن يەر يۈزىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىگاھى بولغان كەبىنى قورشاپ تۇرغان ھەرەم مەسچىتىنىڭ مۇھىم دەرۋازىسىنىڭ بىرسىنىڭ ئىسمى ”سالام“، يەنى ”تىنچلىق“ ئىشىكىدۇر. دېمەك تىنچلىق، خاتىرجەملىك ئىنسانلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولغاچقا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقاد، ئىبادەت، كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ئارىلىشىش، ئۈچرىشىشلارغىچە سىڭدۈرۈلگەن؛ بۇنىڭدىن تىنچلىق، خاتىرجەملىكنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلى ماھىيىتى ئىكەنلىكىنى ئىنتايىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

**5. ئىسلام دىنىنىڭ غايىسى ئۇرۇش ئەمەس، تىنچلىق؛ ۋەيرانچىلىق ئەمەس، گۈللىنىشتۇر.**

**ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: ’مەن يەر يۈزىدە خەلىپە(يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن‘ دېدى. پەرىشتىلەر: ’يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان(شەخسنى)خەلىپە قىلامسەن؟ ھالبۇكى بىز بولساق سېنى پاك، مۇقەددەس دەپ مەدھىيىلەيمىز‘ دېدى. ئاللاھ: ’مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن‘ دېدى. ئاللاھ پۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ئادەمگە ئۆگەتتى، ئاندىن ئۇلارنى پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىپ: ’(خەلىپە بولۇشقا ئادەمگە قارىغاندا بىز ھەقلىق دەيدىغان قارىشىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، بۇ شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار‘ دېدى. پەرىشتىلەر: ’سېنى(پۈتۈن كەمچىلىكلەردىن) پاك دەپ تونۇيمىز. بىز سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمىز، ھەقىقەتەن سەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇرسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن‘ دېدى. ئاللاھ: ’ئى ئادەم! ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى ئېيتىپ بەرگىن‘ دېدى. ئادەم ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى ئېيتىپ بەرگەن چاغدا، ئاللاھ: ’مەن سىلەرگە، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبلەرنى ھەقىقەتەن بىلىپ تۇرىمەن، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىمەن، دېمىگەنمىدىم‘ دېدى“{سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 30—32 ـ ئايەت}**

يۇقىرىقى ئايەتتىن، ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدىمۇ شەخسىيەتچى، ئۇرۇشخۇمار، بۇزغۇنچىلىق تەبىئىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئەمما ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا يەنە ئەقىل، ئىمان، ئىلىم بەرگەنلىكىنى، قاراڭغۇلۇققا قارشى نۇرنى، كۇفرىغا قارشى ئىماننى، بەدەۋىيلىككە قارشى مەدەنىيەتنى، جاھىلىيەتكە قارشى ئىلىمنى، زوراۋانلىققا قارشى مېھرىبانلىقنى، ۋەيرانچىلىققا قارشى قايتىدىن گۈللىنىش كۈچىنى ئىنسانلارغا ئاتا قىلغانلىقىنى، زىتلىقلار ئىچىدە ئىجرا قىلىنىۋاتقان سىناقلارنىڭ تارىختىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئاللاھنىڭ مۇشۇ سىناقلار ئارقىلىق ئىماننى كۇفرىدىن، ياخشىنى ياماندىن، تەقۋادارنى پاسىقتىن، مۆئمىننى مۇناپىقتىن ئايرىشتەك ھېكمىتىنى ھېس قىلىمىز. شۇنىسى ئېنىقكى، ئاللاھ ئىنسانغا تاللاش ئەركىنلىكى بەردى، خالىغانلار ئىنكار قىلسۇن، خالىغانلار ئىمان ئېيتسۇن، دېدى. ھالبۇكى، ئاللاھنىڭ بۇنداق تاللاش ئەركىنلىكى بەرگەنلىكى ئىنسانلارنىڭ كۇففار بولۇشىغا رازى بولغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. قۇرئان ئايەتلىرىدىن شۇنى ئېنىق بىلىمىزكى، ئاللاھ كۇفرىلىققا رازى ئەمەس، ئىمانغا رازى؛ ۋەھشىيلىككە رازى ئەمەس، رەھىمدىللىككە رازى؛ ئۇرۇش ـ جېدەلگە، ۋەيرانچىلىققا، ھالاكەتكە رازى ئەمەس، تىنچلىققا، تەرەققىياتقا، گۈللىنىشكە رازى. ئاللاھ ئۆزىنىڭ بۇزغۇنچىلارنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى، ياخشىلىق ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسەتكەن مۆئمىنلەرنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈردى. مۆئمىنلەرنى ياخشىلىق ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۈممەت دەپ ئاتىدى. بۇ تەرىپلەشلەر مۆئمىنلەرگە يېتىپ ئاشىدۇ. شۇڭا بىز قۇرئاندىن ئاللاھنىڭ مۇرادىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشىمىز، تىنچلىققا مايىل بولۇپ، زوراۋانلىق ۋە بۇزغۇنچىلىقنى قەتئىي رەت قىلىشىمىز، قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ئەرەب قەبىلىلىرى ئىچىدە دۇنياغا زىيادە بېرىلىش، ئاچكۆزلۈك، ئۇرۇشخۇمارلىق ئەۋج ئالغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئەكسىچە بۇ دۇنيانى كېرەك قىلمايدىغان، دۇنيادىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن، ھەتتا بۇ دۇنيانى دۈشمەن كۆرىدىغان

ئېقىملار پەيدا بولدى. بىر بولسا دۇنيانى خام تالاش قىلىپ، بىر ـ بىرىنىڭ گۆشىنى يېگۈدەك ئاچكۆزلىشىپ كېتىش ۋە بىر ـ بىرىگە قەست قىلىش، بىر بولسا تەركى دۇنيا بولۇپ ئۆزىنى ۋە دۇنيانى خاراپلاشتۇرۇۋېتىش نەتىجىسىدە دۇنيادا پاجىئەلەر ئۈزۈلمەي كەلدى. ئىككى قۇتۇپلىشىش، ھەددىدىن ئېشىش، نورماللىقتىن، ھەقىقەتتىن، مۇۋازىنەتتىن چەتنەش نەتىجىسىدە مۇسۇلمانلار دۇنياسىلار ئەمەس، ئىنسانلار دۇنياسى تالاي پاجىئەلەرنىڭ قۇربانى بولدى؛ مىليونلىغان ئىنسانلار ئۆلدى، مىڭلارچە شەھەرلەر ۋەيران بولدى. ئىسلام دىنى بۇنداق ئىككى قۇتۇپلىشىشقا قەتئىي قارشى، ئىسلام دىنى ھەر ئىككى دۇنياغا تەڭ ئېتىبار بېرىشنى، ئوتتۇراھال يول تۇتۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. تىنچلىق، مۇۋازىنەتنىڭ بىرىنچى ئاملى ئوتتۇراھاللىقتۇر، ھەر ئىشنى جايىدا قىلىش، ھەر ئىشنى لايىقىدا قىلىش، چەكتىن ئاشۇرماسلىق، ھەددىدىن ئاشماسلىق، قىنىدىن تاشماسلىقتا ئىسلامىي ھەقىقەت بار. مۇئمىنلەرمۇ قۇرئاندا ئوتتۇراھال ئۇممەت، يەنى ئەڭ ياخشى ئۇممەت دەپ تەرىپلەنگەن. بۇنىڭ سىر ـ ھېكمىتىمۇ دەل مۇشۇ يەردە.

**6. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئالىي غايىسىگە، ئەڭ ئېسىل قىممەت قارىشىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان مەشھۇر شەخستۇر؛ مۇسۇلمانلارنىڭلا ئەمەس، بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسىدۇر.**

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسا مېھرىبانلىق يەتكۈزۈش، كۆيۈنۈش، ھېسداشلىق قىلىش پەزىلىتىگە ئىگە كىشى بولۇپ، بۇ كىشىدە يەر شارىدىكى ئادەمگەرچىلىك خۇسۇسىيەتنىڭ ھەممىسى تولۇق تېپىلىدۇ. شۇڭا بۇ كىشىنى تىنچلىق، خاتىرجەملىك ئەلچىسى، بۇ كىشى ئاللاھتىن ئېلىپ كەلگەن ئىسلام دىنىنى تىنچلىق، خاتىرجەملىك دىنى دەپ ئاتايمىز. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تەرىپلەپ مۇنداق دېگەن: "(ئى **مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق**"{سۈرە«ئەنبىيا» (**21** ـ سۈرە)، **107** ـ ئايەت}.

ھەقىقىي ئادەملىك خۇسۇسىيەتنى يېتىلدۈرۈپ، ئىنسانلار ئارزۇ قىلىدىغان تىنچلىق، خاتىرجەملىكنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىنسانلار جەمئىيىتىگە تۆھپە قوشۇشنى ئارزۇ قىلغان كىشى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى ئىش ـ ئىزلىرى، گەپ ـ سۆزلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ھەربىر ئىشىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلسۇن. شۇندىلا ھەقىقىي ئادەملىك خۇسۇسىيەتنى يېتىلدۈرۈپ، زوراۋانلىق، بۇزغۇنچىلىق قىلمىشلىرىدىن يىراق بولۇپ، تىنچلىق، خاتىرجەملىك ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسىنى قوشۇپ، ئىنسانلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ، ئۆزى ئۈچۈن، خەلقى ئۈچۈن جۇملىدىن ۋەتىنى ئۈچۈن شەرەپ ئېلىپ كېلەلەيدۇ.

ئىسلام دىنى تىنچلىق دىنى بولغاچقا ئاللاھ بۇ دىندىن رازى بولدى ھەمدە ئاخىرقى دىن سۈپىتىدە بۇ دىننى تاللىدى. ئاللاھ بۇ دىندىن رازى بولدى دېگەنلىك، بۇ دىننىڭ غايىسى ۋە قىممەت قارىشىغا تەۋە بولغان، شۇنداقلا ئۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتەلىگەن مۇسۇلمانلاردىن رازى بولدى دېگەنلىكتۇر؛ دۇنيادىكى زور كۆپ ساندىكى تىنچلىققا مايىل، تەرەققىيپەرۋەر مۇسۇلمانلار ئەنە شۇ ھەقىقەتنى چۈشەنگەن مۇسۇلمانلاردۇر. ئىسلام دىنى تونۇتقان ھەقىقەتنى قانچە مۇكەممەل بىلسەك قىسقىغىنا ھاياتىمىزدا ئىنسانلار جەمئىيىتىگە شۇنچە زور تۆھپىلەرنى قوشالايمىز. بۇ ئالەمدىمۇ تىنچلىققا، تەرەققىياتقا، بەختلىك تۇرمۇشقا ئىگە بولىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىككىنچى ئالەمدە ئاللاھنىڭ كاتتا مۇكاپاتىغا، ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەيمىز. تىنچلىق بولماي تۇرۇپ تەرەققىيات بولمايدۇ. ھەربىر مۇسۇلمان ئىسلام دىنىنىڭ روھىغا، مۇرادىغا ئۇيغۇن ھەرىكەت قىلىپ، ئاللاھنى تونۇش بىلەن دۇنيانى تونۇشنى تەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، دۇنيالىق ئىلىم بىلەن ئاخىرەتلىك ئىلىمگە تەڭ كۆڭۈل بۆلۈپ، ساپالىق، ئىقتىدارلىق، يارامىلىق ئادەم بولۇپ، تىنچلىق ۋە تەرەققىيات ئۈچۈن تۆھپە قوشالىسا، ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ، بارلىق كۈنتەرتىپىنى تولۇق ئورۇندىغان بولىدۇ. ئاللاھ ھەممىمىزنى تىنچ، خاتىرجەم قىلغاي ۋە تىنچلىق، تەرەققىياتقا بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇشقا نېسىپ قىلغاي!

(ئاپتور: ئاقسۇ شەھىرى لەڭگەر چوڭ مەسچىت ئىمام ـ خاتىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)

uyghurkitap.com






# ئىسلام دىنى تەرەققىياتنى تەشەببۇس قىلىدۇ

ھەزرىتى ئەلى غازى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئىسلام دىنى ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلەرنى ھىدايەت قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن چۈشۈرگەن ھەق دىندۇر. بارلىق پەيغەمبەرلەر ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى ئەقىدىلىرىنى ئۈممەتلىرىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن، بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئىلگىرى نازىل قىلىنغان ھەممە كىتابلار ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى ئەقىدىلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىچە ھەممە پەيغەمبەرلەر بىر ئۆينىڭ قۇرۇلمىسىغا ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ دەۋەت قىلىۋاتقان يولى ئوخشاش، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر كېيىنكىلەرنىڭ دەۋىتىگە ئاساس سېلىپ بەرگەن، كېيىنكى پەيغەمبەرلەر ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىشلىرىنى تولۇقلىغۇچى سۈپىتىدە ئەۋەتىلگەن. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى ئىلگىرىكىلەر ئارقىلىق كېيىنكىلەرگە يول ئېچىش، كېيىنكىلەر ئارقىلىق ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىشلىرىنى تولۇقلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئارقىمۇئارقا ئەۋەتتى. بۇ تەلەپ ۋە ئۆلچەم مۇشۇ بويىچە تەدرىجىي داۋاملىشىپ، ئىنسانىيەت توغرىلىق ۋە مۇكەممەللىك باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ئىنسانىيەت ھاياتلىق گۈللىنىدىغان، تەرەققىي تاپىدىغان ئىلغار تۈزۈملەرنى قوبۇل قىلىشقا تەييارلاندى. ئىنسانىيەت بۇ باسقۇچقا كەلگەندە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدى. ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ئىلاھىي كۆرسەتمىلەر بىلەن ئىنسانىيەت قائىدە ـ تۈزۈملىرى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرى تولۇقلىنىپ مۇكەممەللەشتى. بۇ قائىدە ـ تۈزۈملەر ۋە ئەھكاملار ئىنسانىيەت تەرەققىياتى ساھەلىرىنىڭ قايسىسى بىلەن ئۇچراشسا ئۇنى مۇكەممەللەشتۈردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان كۆرسەتمىلەر ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق ئەھكاملارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ كۆرسەتمىلەر ئىچىدە ئىنسانىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىنى، تەرەققىي قىلىشىنى توسۇپ قويىدىغان بىرەر كەمچىلىك ۋە نۇقسانلىق يوق. ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي جەھەتتىكى تەرەققىي قىلىشىنى، كامالەتكە يېتىشىنى، بەخت ـ سائادەتلىك بولۇشىنى كائىناتنىڭ سىرلىرىنى يېشىپ، ئۇنىڭدىن توغرا پايدىلىنىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى تەرەققىياتىنى، كامالەتكە

يېتىشىنى، بەخت ـ سائادەتلىك بولۇشىنى توغرا ئېتىقاد ۋە توغرا دۇنيا قاراش يېتىلدۈرۈش، ئىلىم ئىگىلەش، قەلبتىكى ئېسىل خىسلەتلەرنى نامايان قىلىش، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى ئەدەپ ـ ئەخلاق بىلەن زىننەتلەش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىياتنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن ئىكەنلىكى ھەققىدە قۇرئان كەرىمدە ئايەتلەر كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ”**بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ**“{سۈرە«ئىسرا»(17 ـ سۈرە)، 9 ـ ئايەت}؛ ”**بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى كامالىغا يەتكۈزدۈم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم**“{سۈرە «مائىدە»(5 ـ سۈرە)، 3 ـ ئايەت}.

دېمەك، قۇرئان كەرىمدىكى كائىناتنىڭ سىرلىرى ۋە ئاجايىباتلىرى توغرىسىدىكى بايانلار، يەر شارىدىكى تۈرلۈك قېزىلما بايلىقلار ۋە جانىۋارلار توغرىسىدىكى ئۇچۇرلار، باشقا ئىلىملەرنى ئىگىلەشكە چاقىرغان ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى نەچچە ئەسىرلەر ئىلگىرى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن خەۋەر بېرىلگەن ھەق ئىشلاردۇر، بۇنىڭ ئۆزىلا ئىسلام دىنىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ۋە گۈللىنىشىنى قوللايدىغان دىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

قۇرئان كەرىم ئاساسىي مەزمۇن جەھەتتىن تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى، ئەقىدە قىسمى؛ ئىككىنچى، ئەخلاق قىسمى؛ ئۈچىنچى، سودا ـ سېتىق قىسمى؛ تۆتىنچى، كائىنات ئىچىدىكى ئىنسان قىسمى.

قۇرئان كەرىمنىڭ ئەقىدە قىسمى ئىنساندىن پۈتكۈل مەۋجۇداتلارنى ياراتقۇچى ۋە ياخشىلىق يەتكۈزگۈچى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشنى، ئۇلۇغلاشنى، دۇئا قىلىشنى، پەقەت ئاللاھتىنلا ياردەم تىلەشنى، جازا، مۇكاپات كۈنىگە ئىمان ئېيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ ئەقىدە قىسمى ئىنساندىن ھەقنى تونۇشنى، پەرىشتىلەرگە، ئاللاھ تائالانىڭ كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ياراتقۇچىسىنى ئەسلىتىپ تۇرىدىغان ناماز، كىشىلىك ھاياتنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىدا ھەربىر كىشى ئۈچۈن لازىم بولىدىغان سەۋر خىسلىتىنى يېتىلدۈرىدىغان روزا، موھتاج قېرىنداشىغا ياردەم قولىنى سۇنۇش ئارقىلىق مېھىر ـ مۇھەببەت رىشتىسىنى كۈچەيتىدىغان زاكات، قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىكتە كىشىلەرنى ئازغۇنلۇق ۋە گۇناھ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنى ئەسلىتىدىغان ھەج قاتارلىق ئىبادەتلەر ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە دەلىل بولالايدۇ. ئىمانلىق ئىنساندا ياخشىلىق تېپىلىدۇ. ئەگەر ھەممە كىشى قۇرئانغا ئەمەل قىلسا دۇنيا تېخىمۇ مۇقىم ۋە خاتىرجەم بولۇپ، جەمئىيەت تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشقا ۋە گۈللىنىشكە قاراپ يۈزلىنەتتى.

قۇرئان كەرىمنىڭ ئەخلاق قىسمى ئىمان بىلەن باغلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئەخلاق ئەمەلىيەتتە ئىماننىڭ نەتىجىسى، تەقۋادارلىقنىڭ ئىپادىسى، ھەقىقىي ئىمان ئېيتىپ ـ ئېيتمىغانلىقنىڭ ئۆلچىمى ۋە ئىسپاتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۈزەل ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭ ئەخلاقىدىن ئۈرنەك ئېلىش ئۇنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىش دېگەنلىكتۇر. نامازدا سۈننەتنى ئادا قىلىشلا ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلىك بولمايدۇ، يەنە كېلىپ سۈننەت نامازمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن ئوقۇلمايدۇ، بەلكى ئاللاھ ئۈچۈن خالىس ئوقۇلىدۇ. ئىبادەت، سەجدە، ھەمدۇسانا يالغۇز ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا بىزنىڭ قۇرئانغا ئەمەل قىلىش، ئەخلاقلىق بولۇش جەھەتتىكى ئۈلگىمىزدۇر. قۇرئان كەرىم ئەخلاقنىڭ نەزەرىيەۋى مەنبەجى(مەنبەسى، تايىنىدىغان ئاساسى)، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا ئۇنىڭ پراكتىك(ئەمەلىي) مەنبەجىدۇر. بۈگۈنكى دۇنيادا ئەخلاقنىڭ مۇھىملىقى بارغانچە بىلىنمەكتە، جەمئىيەت تەرەققىي قىلغانچە ئەخلاق شۇنچە تەكىتلىنىشى كېرەك. ئەگەر ئىنسانلار ئۆزلىرىگە ئەلچى بولۇپ كەلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تونۇپ، ئۇنىڭ ئەخلاقىدىن ئۈرنەك ئالغان بولسىدى، دۇنيا باشقىچە گۈزەللىككە تولغان بولاتتى.

قۇرئان كەرىمنىڭ سودا ـ سېتىق قىسمى: سودىدا

www.uyghurkitap.com

ئادىل بولۇش، تارازىنى توغرا تارتىش، كىشىلەرنىڭ ھەققىنى يېمەسلىك، يېتىمنىڭ مېلىنى قوغداش دېگەندەك مۇھىم مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قۇرئان كەرىمدە سودىنىڭ ھالال، جازانىنىڭ ھارام ئىكەنلىكى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ھازىرقى دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان ئىقتىسادىي كىرزىسنىڭ تولىسى ماھىيەتتە ئۆسۈم ۋە جازانىگە بېرىپ تاقىلىدۇ.

كائىنات ئىچىدىكى ئىنسان قىسمى: ئاللاھ تائالا ئىنساننى زېمىنغا ئورۇنباسار قىلىپ تاللىدى، زېمىننى گۈللەندۈرۈشتە، ئۇنىڭ سىرلىرىنى ئېچىپ پايدىلىنىشتا ئىنساننىڭ ئىقتىدارىنى پەرىشتىلەردىن ئۈستۈن قىلدى، ئاندىن قۇرئان كەرىمدە ئوچۇق سۆز ئارقىلىق ئىنساننىڭ كائىناتتا خىزمەت قىلىشى ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا كائىناتنى يېيىپ بەرگەنلىكىنى ۋە ئۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى بىلدۈردى. قۇرئان كەرىمدىكى ئوچۇق سۆز بولسا ئاللاھ تائالانىڭ **"ئاللاھ يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر ئۈچۈن ياراتتى"** {سۈرە«بەقەرە» (2 ـ سۈرە)، **29** ـ ئايەت} دېگەن سۆزىدۇر.

ئاللاھ تائالا ئىنسان ئۈچۈن قۇياش بىلەن ئاينى، كېچە ـ كۈندۈزنى، دەريا ـ دېڭىزلارنى، مۇنبەت يەرلەرنى ۋە ئېگىز تاغلارنى، ھەر تۈرلۈك ھايۋانلارنى بويسۇندۇرۇپ بەردى، كائىناتتىكى ھەممە نەرسە ئىنسانىيەت مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا يارىتىلدى، ئاللاھ تائالا ئىنساننى كائىناتتىكى ھەممە نەرسىلەرنى تەتقىق قىلىشقا، نەزەر تاشلاشقا، ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى ئېچىشقا، ئۇنىڭدىكى زاپاس بايلىقلار ۋە قىممەتلىك نەرسىلەر بىلەن پايدىلىنىشقا، ئۇنىڭدىن يېڭى نەرسىلەرنى ياساشقا، شۇ ئارقىلىق يەر شارىنى گۈللەندۈرۈشكە بۇيرىدى، كائىناتنىڭ سىرلىرىنى ئاچقاندىن كېيىن، ئۇنى يەر شارىنى خارابلاشتۇرۇش ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئىشلەتمەستىن، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا بۇيرىدى.

ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىياتنى، جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشىنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئايەتلەر قۇرئان كەرىمدە كۆپ ئۇچرايدۇ. دېمەك، ئىسلام مەدەنىيىتى تەرەققىياتنى توسۇپ قويىدىغان مەدەنىيەت ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتنى گۈللەندۈرىدىغان، كىشىلەرگە مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزىدىغان، يېڭىلىق ۋە تەرەققىيات بىلەن تەڭ ماڭىدىغان مەدەنىيەتتۇر. ئىسلام دىنى باشقا مەدەنىيەتلەرنى خاراب بولۇشتىن ساقلاپ قالىدىغان دىندۇر. ئىسلام دىنى ئىنسانىيەتنى پەزىلەتكە، ياخشىلىققا ۋە گۈللىنىشكە، چاقىرىق قىلىدىغان دىندۇر.

(ئاپتور: پەيزىۋات ناھىيە قىزىلبويى ئارۇن مەسچىتى خاتىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)

**ئەرافات**—— مەككە مۇكەررەمە شەھرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىدە، مەككەدىن يىگىرمە بەش كىلومېتىر يىراقلىقتا بولغان، ھەج ئىبادىتىنىڭ پەرزلىرىدىن بىرى بولغان ۋۇقۇف(توختاش، تۇرۇش) ئىبادىتى ئورۇنلىنىدىغان بىر مۇقەددەس يەرنىڭ ئىسمىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **"پەرۋەردىگارىڭلاردىن(ھەج مەۋسۇمىدا تىجارەت ۋە باشقا ئوقەت ئارقىلىق) رىزىق تەلەپ قىلساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئەرەفاتتىن قايتقان چېغىڭلاردا مەشئەرۇلھەرامدا(يەنى مۇزدەلىفەدە) ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار. ئاللاھ سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ياد ئېتىڭلار. بۇنىڭدىن ئىلگىرى سىلەر ھەقىقەتەن گۇمراھلىقتا ئىدىڭلار"**{سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 198 ـ ئايەت}. ئاللاھ تائالا ئەرەفات كۈنى ئەرەفات مەيدانىدا تۇرغانلاردىن رازى بولىدۇ. چۈش ۋاقتى ۋە ئەسىر نامىزىدىن كېيىن ئەرەفات مەيدانىدا بىر مەھەل تۇرۇش، قۇرئان ئوقۇش، زىكرى قىلىش، ناماز ئوقۇش، دۇئا قىلىش كېرەك، ئەرەفات كۈنى ياكى ئەرەفات كېچىسى ئەرەفاتتا تۇرمىغان كىشىنىڭ ھەجى قوبۇل بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشىنىڭ ئالدىدا ئەرەفاتتا مەشھۇر ۋەدا خۇتبىسىنى ئوقۇغان. رىۋايەتلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا ئانىمىز جەننەتتىن ئايرىلغاندا ئەرەفاتتا تېپىشقان بولۇپ، ئۆزئارا تېپىشماق مەنىسىدە "ئەرەفە، ئەرەفات" دېيىلگەن. (ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد تەييارلىغان)



# پەرزەنتلەرگە ياخشى مەنىلىك ئىسىم قويۇش ئاتا-ئانىلارنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر

ئابدۇۋاھاپ مۇھەممەد

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

دۇنيادا ھەممىگە شەپقەتلىك، ئاخىرەتتە مۆئمىنلەرگە مېھرىبان رەببىمىز ئاللاھ تائالا مول نازۇنېمەتلەرگە تولغان دۇنيانى يارىتىپ، بىزنى ئۇنىڭغا خوجايىن قىلىش ئارقىلىق ئېھتىياج-تەلپىمىزنى قاندۇردى؛ بارلىق مەخلۇقاتلىرىغا ئۆزىگە مۇناسىپ نام-ئىسىملارنى ئاتا قىلىپ، پايدىلىنىش شارائىتىمىزنى ئاسانلاشتۇردى. ئالەملەرنىڭ نۇرى، مۆئمىن مۇسۇلمانلارغا ناھايىتى ئامراق ۋە كۆيۈمچان، ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا ھېرىسمەن بولغان، ئىنسانىيەتنىڭ پەخىرلىك ئۇستازى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلۇغلۇق ئىگىسى بولغان پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنى ئۇ زاتنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئەۋلادۇ-ئۇممەتلىرىگە ئادالەت بىلەن تولۇق يەتكۈزۈپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئاھۇ-زارىنى ئازايتىش بىلەن بىرگە قاراڭغۇ قەلبلەرگە خۇشاللىق چىرىغى يېقىپ، ئۇلارنىڭ ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادىتى ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈردى.

ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى قۇدرەتلىك ئاللاھ تائالا پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ بوۋىسى، تۇنجى ئىنسان، ئاتىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالامنى يارىتىپ، ئۇنىڭغا بارلىق شەيئىلەرنىڭ نامىنى ئۆگەتتى ھەمدە ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى ئۈچۈن زېمىننى ماكان ئەيلىدى. پەرىشتىلەر قۇدرەتلىك رەببىمىز ئاللاھ تائالاغا مەدھىيەلەر ئوقۇدى. ئاللاھ تابارەكە ۋە تائالا دىللارغا ھىدايەت ۋە رەھمەت، مۇسۇلمانلارغا مەڭگۈلۈك بەخت-سائادەت بىلەن خۇشخەۋەر يەتكۈزگۈچى قىلىپ نازىل قىلغان بۈيۈك كالامى قۇرئان كەرىمدە بۇ ھەقتە خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: **"ئاللاھ بارلىق شەيئىلەرنىڭ نامىلىرىنى ئادەمگە بىلدۈردى، ئاندىن ئۇ شەيئىلەرنى پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ: 'دېگەنلىرىڭلار راست بولسا بۇ شەيئىلەرنىڭ نامىلىرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار' دېدى. پەرىشتىلەر: 'بىز سېنى پاك دەپ تونۇيمىز، بىز سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمىز،**

ئەدەپ-قائىدە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



**سەن ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن، دېدى. ئاللاھ: «ئى ئادەم! ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ نامىلىرىنى ئېيتىپ بەرگىن» دېدى. ئادەم ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ نامىلىرىنى ئېيتىپ بەرگەن چاغدا، ئاللاھ: «مەن سىلەرگە، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى غەيبلەرنى ھەقىقەتەن بىلىپ تۇرىمەن، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىمەن، دېمىگەنمىدىم؟» دېدى»**{سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، **31 — 33** ـ ئايەتلەر}.

دېمەك، يۇقىرىقى ئايەت كەرىمەدىن شۇنى ھېس قىلىپ تۇرۇۋېتىمىزكى، جانلىق ۋە جانسىز شەيئىلەرنى تونۇشتا ئۇنىڭغا مۇناسىپ(يەنى ئۇنىڭ خاراكتېرىگە لايىق) ئىسمىنىڭ بولۇشى ۋە ئۇنى شۇ ئىسىم بىلەن بىلىش بارلىق بىلىشلەرنىڭ مۇقەددىمىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئاتىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ تاكى قىيامەتكىچە بولغان بارلىق كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئىسمى بولۇشى ـ زۆرۈر بولغان كىشىلىك نام ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، جەمئىيەتتە ھەربىر شەخس ئۆز نامى بىلەن ئاتىلىپ، ئۆز ئورنى ۋە تەسىرىنى شۇ نامى بىلەن نامايان قىلىدۇ. مەسىلەن: پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «مۇھەممەد»(سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم) دېگەن مۇبارەك نامى بىلەن مەڭگۈ تونۇيمىز ۋە دۇرۇد ـ سالاملىرىنى يوللايمىز ۋە يەنە ئەجدادلىرىمىزدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەرىيگە ئوخشاش مەشھۇر شەخسلەرنى ئۆز ناملىرى بىلەنلا ياخشى بىلگىنىمىزدەك، ھەممىنىڭ ياخشى ـ يامان ئاتىقى ئۆز ئىسمى بىلەن يادلىنىدۇ.

كىشى ئىسمىلىرى ـ كۈچلۈك مىللىي ۋە دىنىي خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ. ھەربىر مىللەتنىڭ ئېتىقاد ۋە ئۆرپ ـ ئادەت ئەمەلىيىتى شۇ مىللەتنىڭ كىشى ئىسىملىرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بولىدۇ. چۈنكى تىل ۋە رايون خاسلىقى كىشى ئىسىملىرىدىكى شەكىل ۋە مەنانى بەلگىلەشتە ماددىي ئاساس ھېسابلىنىدۇ. رايون خاسلىقى ئېتىقاد تەۋەلىكىنى ئالاھىدە شارائىت بىلەن تەمىنلەيدۇ.

كىشى ئىسىملىرى يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە كىشىلىك جەمئىيەتتە ئۆزئارا بەلگە ـ نام خاراكتېر بىلەن كىشىلەرنى بىر ـ بىرسىدىن پەرقلەندۈرۈپ تونۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئەمما بۇ ئىسىمنىڭ پەقەت بىر خىل خۇسۇسىيىتىدىن ئىبارەت خالاس.

ئىسىم ـ مەناسىدىكى ۋە شەكىل ـ قۇرۇلمىسىدىكى ياخشى ئىپادە ھەم مۇكەممەللىككە ئاساسەن تىلەك ـ ئارزۇلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن كەڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئىسىم قويغاندا ھەممە تەرەپنى كۆزدە تۇتۇشى، مەنىسىنى ئېنىق بىلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا ئۆز تەۋەلىكىدىكى ئەھلى ئىلىم ـ ئۇستازلاردىن مەسلىھەت ئېلىپ، ياخشى مەنا ـ مەزمۇنغا ئىگە ئىسىملارنى تاللاپ ئىشلىتىشى كېرەك. ئاڭلىغانلارغا نەسىھەتكى، «مەسلىھەتلىك ئىش بۇزۇلماس» دېگەن ھېكمەتنى بىزگە ئاتىلار شۇنىڭ ئۈچۈن قالدۇرغان.

دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىگىمىز ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «**(ئى قۇرەيش جامائەسى!) بۇنى بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سوراڭلار**»{سۈرە«نەھل»(16 ـ سۈرە)، **43** ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى}؛ «**ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا(ساھابىلارغا) سىلىق مۇئامىلە قىلدىڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار ئەتراپىڭدىن تارقىلىپ كېتەتتى؛ ئۇلارنى ئەپۇ قىلغىن، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، جامائەت ئىشلىرىدا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن؛ ئاندىن بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ**»{سۈرە«ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، **159** ـ ئايەت}.

سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىرسى مۇنزىر ئىبنى ئەبۇ ئۇسەيد تۇغۇلغان ۋاقىتتا ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى يوتىسىدا ئولتۇرغۇزىدۇ، ئەبۇ ئۇسەيد يېنىدا ئولتۇرىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدىدىكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئەبۇ ئۇسەيد بىرسىگە بالىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يوتىسىدىن ئېلىپ كېتىشكە بۇيرۇيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىشىنى پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن: «**بالا قېنى؟**» دەپ سورايدۇ. ئەبۇ ئۇسەيد: «بىز ئۇنى ئېلىپ كەتتۇق، ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «**ئۇنىڭغا نېمە دەپ ئىسىم**

**قويدۇڭلار؟**" دەپ سورايدۇ. ئۇ: "پالانى" دەپ جاۋاب بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "**ئۇنىڭغا 'مۇنزىر' دەپ ئىسىم قويۇڭلار**" دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالىنىغا "مۇنزىر" دەپ ئىسىم قويىدۇ(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئاللاھنىڭ ئەزىز بەندىسى، ھۆرمەتلىك ئەلچىسى، ئەڭ يۈكسەك ئەخلاق ئىگىسى رەسۇلىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دېگەن: "**سىلەرنىڭ ھەممىڭلار مەسئۇلىيەت ئىگىسىدۇر، سىلەر ھەممىڭلار ئۆز مەسئۇلىيەت دائىرەڭلاردىكى كىشىلەردىن سوئال-سوراق قىلىنىسىلەر...**"(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

كىشى ئىشنى توغرا، مۇكەممەللىككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن مەسلىھەت ئالماقچى بولغىنىدەك، مەسلىھەت بەرگۈچى كىشىمۇ دىنىي قېرىنداشىغا توغرا، ئېنىق مەسلىھەت بېرىشى، بۇ ھەقتە ئاجىزلىق قىلسا، ئۆزىدىن ئىلىملىك كىشىلەرگە ھاۋالە قىلىشى لازىمدۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**بىر كىشىگە بىلمەستىن پەتىۋا بېرىلسە، ئۇنىڭ گۇناھى پەتىۋا بەرگۈچىگە بولىدۇ، كىمكى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىغا بىلىپ تۇرۇپ خاتا مەسلىھەت بېرىدىكەن، ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا خىيانەت قىلغان بولىدۇ**"(ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان).

نەزىرىمىزدىكى پەرزەنت ھەممىگە قادىر ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئاتا-ئانىلارغا ئاتا قىلىنغان بۈيۈك نېمەت ۋە كاتتا ئامانەتكى، بۇ ئامانەتكە مەسئۇل بولۇش ھەربىر ئاتا-ئانىنىڭ باش تارتىپ بولماس مەسئۇلىيىتىدۇر.

ھەممىدىن غالىب ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھ تائالا مۇقەددەس كالامى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: "**ئاندىن ئۆزۈڭلارغا بېرىلگەن نېمەتلەر توغرۇلۇق بۇ كۈندە سوراققا تارتىلىسىلەر**"{سۈرە«تەكاسۇر»(102-سۈرە)، 8-ئايەت}؛ "**سىلەرنىڭ پۇل-ماللىرىڭلار، بالىلىرىڭلار سىلەرگە بىر تۈرلۈك سىناقتۇر، بۇ سىناقتىن ئۆتكەنلەرگە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كاتتا ساۋاب بار**"{سۈرە«تەغابۇن»(64-سۈرە)، 15-ئايەت}؛ "**پۇل-ماللار ۋە بالىلار دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىنىتىدۇر. مەڭگۇ ئۆچمەيدىغان ياخشى ئەمەللەر پەرۋەردىگارىڭنىڭ نەزىرىدە ساۋاب ۋە ئۈمىد جەھەتتە تېخىمۇ ياخشىدۇر**"{سۈرە«كەھف»(18-سۈرە)، 46-ئايەت}.

كىشىلەرنى پەرۋەردىگارىنىڭ ئىرادىسى بىلەن قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقارغۇچى، مەدھىيەلىنىدىغان ئاللاھنىڭ يولىغا يېتەكلىگۈچى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈممەتلىرىگە پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ياخشى، مەنىلىك ئىسىملارنى تاللىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بايان قىلىپ، ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دېگەن: "**ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ ۋە ئاتاڭلارنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىلىسىلەر، شۇڭا(ھەر كىم ئۈچۈن) ياخشى ئىسىم قويۇڭلار**"(ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان).

بۇ ھەقتە مۇنداق بىر تەسىرلىك رىۋايەتنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، خەلىپە ئۆمەر(رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) يېقىنلىرى بىلەن سۆھبەت قۇرۇپ ئولتۇرار ئىدى، بىر ئادەم ئۇ زاتنىڭ ئالدىغا ئوغلىنى باشلاپ كېلىپ شىكايەت قىلدى: "ئەي مۆھتەرەم خەلىپە، كۆرۈپ تۇرغانلىرى، يەنى بۇ يىگىت كەمىنىنىڭ ئوغلىدۇر. ئەمما، ئۇ پەرزەنتلىك بۇرچىدىن بويۇن تولغايدۇ، سۆزلىرىمگە قۇلاق سالمايدۇ".

بۇ شىكايەتنى ئاڭلاپ ئەجەبلەنگەن خەلىپە ئۆمەر(رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) بۇ ناباب ئوغۇلغا مۇنداق خىتاب قىلدى: "ئەي ئوغۇل، ئاتىڭغا قارشى چىقىشنى نەدىن ئۆگەندىڭ؟ ئاتىنىڭ سەندە ھەققى كۆپ، ئۇلارنى قانداق ئادا قىلماقچىسەن؟"

يىگىت بىر ئاز جىمىپ قالغاندىن كېيىن ئاستا جاۋاب قايتۇرۇپ مۇنداق دېدى: "ئەي خەلىپە ھەزرەتلىرى، ماڭا ئىنتايىن توغرا تەنبىھ بەردىلە، ھەقىقەتەن ئاتىنىڭ ئوغلىدا ھەقلىرى بىناھايەتتۇر. ئەمما، پەرزەنتنىڭمۇ ئاتا-ئانا ئۈستىدە ھەقلىرى، ئاتىنىڭ ئوغۇل ئالدىدا بۇرچى يوقمىدۇ؟

ئوغۇلنىڭ ئىتائەت بىلەن تۇرۇپ، دانالىق بىلەن قويغان سوئالىدىن خەلىپە ئۆمەر(رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) بەكمۇ تەسىرلەندى ۋە ئىخلاس بىلەن مۇنداق جاۋاب قايتۇردى: "شۈبھىسىزكى، ئاتىنىڭ بۇرچلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەۋجۇت. بۇ بۇرچلارنىڭ ئايرىملىرىغا تېخى بالا تۇغۇلماستىن ئاۋۋال رىئايە قىلماق كېرەك. خۇسۇسەن، كىشى ئۆيلەنمەكچى بولغان ئىكەن، هايا ـ نومۇسلۇق ئايالنى ئالمىقى لازىمدۇر، بالا دۇنياغا كۆز ئېچىپ ئانىسىنىڭ ئىلگىرىكى ئىشلىرى سەۋەبلىك ئۇيالمىغاي. شۇنداقلا پەرزەنت تۇغۇلغاندا ئۇنىڭغا ياخشى ئىسىم قويۇلۇشى زۆرۈردۇر، كېيىنچە بالا ئۆز ئىسمىدىن ئىزا هېس قىلمىغاي. بالىغا ياخشى تەربىيە بېرىشمۇ مۇهىم شەرتتۇر، پەرزەنت بالىلىق چېغىدىن باشلاپ توغرا ياشىماقنىڭ سىرلىرىدىن خەۋەردار بولغايكى، هاياتنىڭ تىكەنلىك دوقاللىرىدا قېقىلىپ ئەزىيەت چەكمىگەي. كېيىن ئۆيلىنىش يېشىغا يەتكەندە سەۋەبسىز ئارقىغا تارتماي، ئەقىللىك، ئىپپەتلىك، پاكىز قىزغا ئۆيلەندۇرۇش يەنە بىر زۆرۈرىيەتتۇر. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا پەرزەنتكە يامانلىق قىلغانلىق بولىدۇ. چۈنكى، ئاتا ـ ئانىنىڭ ئىللەتلىرى پەرزەنتلەردە داۋام ئېتەر».

خەلىپە ئۆمەر (رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ)نىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان يىگىت سۆزلەشكە رۇخسەت سوراپ، دېدى: «ياخشى هېكمەتلەرنى سۆزلىدىلە، ئەي هۆرمەتلىك خەلىپە. ئەمما ھەقىقەت شۇكى، ئاتام سىلى بايان قىلغانلارنىڭ هېچقايسىسىنى ئادا قىلمىغاندۇر. بۇ بۇرچلارنى بېجىرمىگەندۇر. ئانام بولمىش ئايالنى قۇل بازىرىدىن سېتىۋېلىپ، مىجەز ـ خاراكتېر، نەسىل ـ نەسەبلىرىنى بىلمىگەندۇر. سىلى چىرايلىق ئىسىم قويماقلىقنى ئېيتتىلا. ئاتام بولسا ماڭا 'جۇئەل' (يەنى جاڭگال قوڭغۇزى، تېزەكچى قوڭغۇز) دەپ ئىسىم قويغاندۇر. تەربىيە بەرمەكنى، ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگەتمەكلىكنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغاندۇر. يېشىم بىر يەرگە باردى، بىراق ئۆيلەندۇرۇش ھەققىدە ئويلىمىغاندۇر».

يىگىتنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلەنگەن خەلىپە ئۆمەر (رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ) شۇنداق دەپتۇ: «هەي ئادەم، سەن تېخى ئۆزۈڭنى 'مەن ئاتا' دەپ دەۋا قىلامسەن؟ 'ئوغلۇم ماڭا قارشى ئىسيان كۆتۈردى، گەپلىرىمگە قۇلاق سالمىدى، ماڭا ئازاب قىلدى' دەپ نالە قىلامسەن؟ ئەسلىدە سەن ئوغلۇڭغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپسەن. ئوغلۇڭغا يامانلىقلارنى راۋا كۆرۈپسەن. ئۇنىڭغا سەن ئۆزۈڭ جاپا قىلىپسەن، خاتالىق سەندىن ئۆتۈپتۇ. شۇ تاپتا مەن ساڭا نېمىنى راۋا كۆرەي، قانداق ياردەم بېرەي؟ ئەمدى قانداقلا ئىش بولسۇن چىدايسەن، بېشىڭغا چۈشكىنىنى كۆرۈرسەن. چۈنكى، ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ يامانلىقنى راۋا كۆرۈپسەن، باشقىلاردىن ئەيىب ئىزدىمە...

**ئۇنداقتا پەرزەنتلەرگە ئىسىم قويغاندا قانداق ئىسىملارنى تاللاش كېرەك؟**

ئەبۇ ۋەهب ئەلجۇشەمىي رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: **«سىلەر پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئىسىم قىلىپ قويۇڭلار، سىلەرنىڭ ئىسىمڭلارنىڭ ئىچىدە ئاللاهقا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغىنى ‹ئابدۇللا (ئاللاهنىڭ بەندىسى)، ئابدۇرەهمان (دۇنيادا هەممىگە شەپقەتلىك ئاللاهنىڭ بەندىسى)دۇر؛ ئىسىملارنىڭ ئەڭ توغرىسى ‹هارىس (هۈنەر ـ كەسىپ قىلغۇچى)، هەممام (قىلماقچى بولغان ئىشنى ناهايىتى ياخشى قىلىدىغان ئىرادىلىك كىشى)›، ئىسىملارنىڭ ئەڭ يېقىمسىزى ‹هەرپ، مۇررە›دۇر»** (ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى رىۋايەت قىلغان).

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «هەرپ» دېگەن سۆز «جەڭ، ئۇرۇش» دېگەن مەنىگە، «مۇررە» دېگەن سۆز بولسا «جاپالىق، ئاچچىق» دېگەن مەنىگە ئىگە سۆزلەردۇر.

خوش، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ يۇقىرىقى مۇبارەك هەدىس روهىغا ئاساسەن پەرزەنتلەرگە ئىسىم قويغاندا، ساپالىق، مەنا ـ مەزمۇنى چوڭقۇر، ئاڭلىنىش ئىپادىسى چىرايلىق، كىشىلەرگە يېقىملىق تەسىر بېرىدىغان ئىسىمنى قويۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئاللاه تابارەكە ۋە تائالانىڭ مۇبارەك، گۈزەل ئىسىم ـ سۈپەتلىرىگە ئاساسەن، ئابدۇلئەزىز (هەممىدىن غالىب، يېڭىلمەس ئاللاهنىڭ بەندىسى)، ئابدۇلقادىر (هەممىگە قادىر ئاللاهنىڭ بەندىسى)، ئابدۇلكەرىم (كۆپ ئاتا قىلغۇچى، ئاتاسى تۈگىمەيدىغان ئاللاهنىڭ بەندىسى)، ئابدۇرەهىم (مېهرىبان ئاللاهنىڭ بەندىسى)... دەپ قويۇلىدىغان ئىسىملار شەرىئىتىمىزگە ئۇيغۇن بولغان ياخشى ئىسىملار جۈملىسىدىندۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۆتكەنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە مۇنەۋۋەر تارىخى شەخسلەرنىڭ ئىسىملىرىمۇ ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق ئىسىملار دەپ قارىلىدۇ. مەسىلەن: ئىمران، مۇسا، ئىلياس، ئىدرىس، يەهيا، زەكەرىيا، يۈسۈف، ئىيسا... قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر ئوغۇلغا ئاتا بولدۇم. مەن ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا «ئىبراھىم» دەپ ئىسىم قويىدى ھەم ئۇنى خورما بىلەن ئېغىزلاندۇرۇپ ئۇنىڭغا ئامانلىق تىلىدى. بۇ ئەبۇ مۇسانىڭ چوڭ ئوغلى ئىدى(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئىسىم قويۇشتا ئىسىملارنىڭ مۇتلەق ئەرەبچە بولۇشى شەرت قىلىنمايدۇ. شۇڭا، ئەرەبچە ئىسىملاردىن باشقا ھەدىستىكى ئۆلچەمگە ئۇيغۇن بولغان، چىرايلىق، مەنالىق، كىشىنى خۇشال تەسىرگە ئىگە قىلىدىغان، ھەممىلا كىشى مەنىسىنى ئېنىق بىلەلەيدىغان ئۇيغۇرچە ئىسىملارمۇ مۇۋاپىق ئىسىملار جۈملىسىگە كىرىدۇ. مەسىلەن: مەردان، قەيسەر، ئەركىن، جۇشقۇن، ئۆتكۈر، ئازاد، غەيرەت، قۇتلۇق، بەختىيار، ئىلىيار... دېگەنگە ئوخشاش. بۇ ھەقتە تالاش-تارتىش قىلىش ئورۇنسىزدۇر. چۈنكى، نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە بىر قىسىم ساھابىلەرنىڭ ئىسىملىرىمۇ ئەرەبچە ئەمەس ئىدى.

تەكرارلايمىزكى، ئىسىمغا قويۇلىدىغان شەرت-ئۇنىڭ مەنىسىنىڭ ياخشى تىلەكلەرنى بىلدۈرىدىغان، چىرايلىق(سۆز) ئىسىم بولۇشى كېرەك.

**ئۇنداقتا، قانداق ئىسىملار مۇۋاپىق بولمىغان ئىسىملار دەپ قارىلىدۇ؟**

ئىسلام دىنىمىزدا مۇۋاپىق ئەمەس دەپ قارىلىدىغان كىشى ئىسىملىرى تۆۋەندىكىچە: بىرىنچىدىن، پەقەت ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ تائالاغىلا خاس بولغان، مەنا-مەزمۇنى ئاللاھ تائالانىڭ كامالى قۇدرىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىم-سۈپەتلەرنى "ئابدۇ(بەندىسى)" سۆزىنى قوشماستىن ئەينەن قوللىنىش توغرا ئەمەس. مەسىلەن: ئەلئەھەد، ئەسسەمەد، ئەررەھمان، ئەلجاببار، ئەلقەھھار، ئەلخالىق، ئەلرەززاق... دېگەنگە ئوخشاش.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئاللاھ تائالا ئەڭ يامان كۆرىدىغان ئىسىم 'مەلىكۇلئەملاك' (پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى) دېگەن ئىسىمدۇر"**(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئىككىنچىدىن، مەنە-مەزمۇنى ساغلام بولمىغان، كىشىلەرگە يېقىمسىز تۇيغۇ بېرىدىغان، كۆڭۈلسىزلىكنى ئىپادىلەيدىغان، ناچار تەسىر-ئۇقۇملارغا ئىگە ئىسىملارنى قوللىنىش توغرا ئەمەس. مەسىلەن: "ھەرب(جەڭ-جېدەل)"، "سەقەر(دوزاخ)"، "ھىمار(ئېشەك)"، "ھەزىن(غەمكىن، ئويچان)"... دېگەنگە ئوخشاش.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام "ھەرب(ئۇرۇش، جەڭ)" دېگەن ئىسىمنى "سەلەم"(خاتىرجەم، تىنچ، ئەمىن) دېگەن ئىسىمغا ئۆزگەرتكەن(ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان).

پەرزەنتلىرىمىزگە ئاڭلىغۇچىلارغا جەڭ-ئۇرۇش كۆرۈنۈشى، خاتىرجەمسىزلىك ئۇقۇمى بېرىدىغان ھەم پەرزەنتلەر چوڭ بولۇپ بۇ ئىسىملارنىڭ مەنىسى بىلگەندە ئارامسىزلىنىدىغان، كەلگۈسىدە ئۇلارغا كۆڭۈلسىزلىك ئېلىپ كېلىدىغان ئىسىملارنى قويماسلىقىمىز ئەڭ ئاقىلانىلىقتۇر. مەسىلەن: مۇجاھىد(ئىسلام جەڭچىسى)، "جىھاد(غازات قىلغۇچى)، مۇنتەقىم(ئىنتىقام، قىساس ئالغۇچى)، مۇقاتىل(ئۇرۇش قىلغۇچى)...دېگەنگە ئوخشاش.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتىمىزكى، بىز ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىمىزگە ئىسىم قويغاندا تىنچ-ئەمىنلىك، بەخت-سائادەت، ئىلىم-ھېكمەت، بەخت-تەلەي، پاكلىق-پاكىزلىق مەزمۇنىدىكى ئىسىملارنى تاللاپ قويۇشىمىز ياخشىدۇر. مەسىلەن: ئابدۇسالام(بەندىلىرىگە تىنچلىق ئاتا قىلغۇچى ئاللاھنىڭ بەندىسى)، سەلىمە(ئامان-ئېسەن، ساغلام قىز)، سەئىدە(بەختلىك قىز)، ئېرپان(بىلىملىك، مەرىپەتلىك)، ئىلمىزات(ئىلىملىك)، ئىلدانە(بىلىملىك قىز)، بەختىيار(بەختلىك)، بەختىنۇر(بەختلىك قىز)، ئىلشات، دىلشات، ئىلمىنۇر، دىلنۇر، قەلبىنۇر... دېگەنگە ئوخشاش.

ئەگەر ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىگە مەنا-مەزمۇنى ساغلام بولمىغان، بالىنىڭ ئىززەت-ئابرۇيىغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان، كىشىلەرنىڭ زاڭلىق، مەسخىرە قىلىشىغا سەۋەب بولىدىغان، ئاڭلىنىشى يېقىمسىز ئىسىملارنى قويۇپ قالغان بولسا ئىمكانقەدەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئۆزگەرتىۋېتىشى كېرەك.

ئۇممۇلمۇئمىنىن(مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى) ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەزمۇنى ياخشى بولمىغان، ئاڭلىنىشى يېقىمسىز ئىسىملارنى ئۆزگەرتىۋېتەتتى“(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەتەن زەينەپنىڭ ئەسلى ئىسمى ”بەررە“ ئىدى، كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئىسمىنى زەينەپكە ئۆزگەرتىپ قويىدى(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

مۇئمىن مۇسۇلمانلارغا ئۆز جانلىرىدىنمۇ ئەزىز ۋە ھۆرمەتلىك بولغان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنىڭ جۇملىدىن ئۇممەتلىرىنىڭ ئىسىملىرىنىڭ بىردەك ياخشى ئىسىملاردىن بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

رەسۇلۇللاھ سەپەرگە چىققاندا ئالدىغا ئۇچرايدىغان كىشىلەرنىڭ ”ئەسلەم(تىنچ ـ خاتىرجەم)“، ”ئابدۇسالام(خاتىرجەملىك بېغىشلىغۇچى ئاللاھنىڭ بەندىسى)“... دېگەندەك ئىسىملارغا ئىگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇنداق كىشىلەر ئۇچرىغان چاغدا بەكمۇ خۇشال بولۇپ كېتەتتى. يامان مەنىلىك ئىسىملارغا ئىگە كىشىلەرنىڭ ئۇچراپ قېلىشىنى ياقتۇرمايتتى. مانا بۇنىڭدىن كىشى ئىسىملىرىنىڭ يېقىملىق، كىشىگە خاتىرجەملىك تۇيغۇسى بېرىدىغان، ئۆز ئىسمىدىن پەخىرلىنىدىغان ياخشى مەنا ـ مەقسەتكە ئىگە ئىسىم بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

**پەرزەنتلەرگە قاچان، قايسى خىل ئۇسۇلدا ئىسىم قويۇلىدۇ؟**

ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”قانداق بىر كىشى پەرزەنتى تۇغۇلغاندىن كېيىن ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان، سول قۇلىقىغا تەكبىر ئېيتسا، بۇ پەرزەنتكە ئۇممۇ سىبيان(يەنى جىن-شەيتانلار) زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ“**(بەيھەقى رىۋايەت قىلغان).

ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان ئوخشاش مەنىدىكى يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: ”ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام(نەۋرىسى) ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇغۇلغاندا، ئۇنىڭ ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان، سول قۇلىقىغا تەكبىر ئېيتقان ئىدى“(دوكتور ئابدۇللا ناسىھ ئۇلۋاننىڭ «ئىسلامدا پەرزەنت تەربىيەسى» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى).

ئاتا ـ ئانا بولغۇچى ھاياتى دۇنيادا ئۆزلىرى ئېرىشكەن قىممەتلىك نەرسىلەرنىڭ ئەڭ قىممەتلىكى، ئائىلىنىڭ زىننىتى، ئۆزىنىڭ يۈرەك مېۋىسى، غۇبارسىز گۆھەرلىرى بولغان پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ئەستايىدىل تاللاپ، ھەممىگە خۇشاللىق ئاتا قىلىدىغان ياخشى مەنا ـ مەزمۇنغا ئىگە ئىسىم قويىمىقى زۆرۈردۇر. ھەم بۇ پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىنىڭ بىرىدۇر.

شۈكۈر قىلغۇچىلارغا نېمىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ بەرگۈچى رەببىمىز ئاللاھ تائالا ئەڭ توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى كالامى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **”ئاياللار، ئوغۇللار، يىغىپ توپلانغان ئالتۇن-كۈمۈشلەر، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەر ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان شەيئىلەردۇر؛ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بولسا(ياخشىلار قايتىدىغان گۈزەل جاي باردۇر“**{سۈرە«ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، **14** ـ ئايەت}؛ **”بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ پۇل-ماللىرىڭلار، باللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن پەقەتلا بىر تۇرلۇك سىناقتۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا چوڭ ساۋاب بار“**{سۈرە«ئەنفال»(8 ـ سۈرە)، **28** ـ ئايەت}.

ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”پەرزەنتكە ياخشى ئەدەپ-ئەخلاق ئۆگىتىش ۋە مەنىسى ياخشى ئىسىم تاللاپ قويۇش پەرزەنتنىڭ ئاتىسى ئۈستىدىكى ھەققىدۇر“**(بەيھەقى رىۋايەت قىلغان).

پەرزەنت ئۈچۈن ياخشى ئىسىم تاللانغاندىن كېيىن، بالا تۇغۇلۇپ **1** ـ كۈنىدىن **7** ـ كۈنىگىچە ئۇنىڭ ئىسمى قويۇلىدۇ.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”كېچە بىر ئوغۇل پەرزەنتىم دۇنياغا كەلدى. مەن ئۇنىڭغا بوۋام ئىبراھىم(ئەلەيھىسسالام)نىڭ ئىسمىنى**

**قويىدۇم**"(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئوغۇل بالا ئۇچۇن ئەقىقە بېرىلىدۇ، بالا تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى ئەقىقە مېلى سويۇلۇپ، شۇ كۈنى ئىسمى قويۇلىدۇ، چېچى چۈشۈرۈلىدۇ**"(تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر رىۋايەت قىلغان).

ئەقىقە قىلىش — شەرتلىك ئەمەل بولۇپ، ئىقتىسادى جەھەتتىن تۇرمۇشى ياخشى كىشىلەرنىڭ ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش، ئاللاھ تائالانىڭ نېمىتىگە تەشەككۈر بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئىمكانىيەت يار بەرسە سۈننەت بويىچە بالا تۇغۇلۇپ 7 ـ كۈنى ئوغۇلغا ئىككى قوي، قىز بالىغا بىر قوي سويۇپ ئەقىقە قىلىشى ۋە شۇ كۈنى ئىسمىنى قويۇشى جۇمھۇر(كۆپ سانلىق) ئۆلىمالار ۋە فەقىھلەرنىڭ قارىشىدا مۇستەھەب سۈننەتتۇر.

[ئىزاھات: مۇھيى سۈننە رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: بوۋاقنىڭ تۇغۇلغان چېغىدا چۈشۈرۈلگەن چېچى "ئەقىقە" دېيىلىدۇ. مۇشۇ چاچنى چۈشۈرىدىغان چاغدا، زەبھى قىلىنغان قوي كىنايە تەرىقىدە "ئەقىقە" دېيىلىدۇ(«سەھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى ۋە قەستەلانى شەرھى»دىن ئېلىندى).]

تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ چېچىنى چوقۇم 7 ـ كۈنى چۈشۈرۈش شەرت ئەمەس. شۇڭا بالىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ، دوختۇرلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە چۈشۈرۈش ياخشىدۇر.

ئەمما، تۇرمۇش ئەھۋالى ئادەتتىكى كىشى، ئوغۇلغىمۇ بىر قوي، قىز بالىغىمۇ بىر قوي سويۇپ ئەقىقە قىلسىمۇ كۇپايە قىلىدۇ.

ئابدۇللا ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ھەدىس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەۋرىسى ھەسەن ۋە ھۈسەيىن (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار)نىڭ ھەربىرىگە بىر قوچقار زەبھى قىلىپ ئەقىقە قىلغان"(ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان).

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئوغۇللىرى ئۈچۈنمۇ بىر قوي، قىزلىرى ئۈچۈنمۇ بىر قوي سويۇپ ئەقىقە قىلاتتى(مالىك رىۋايەت قىلغان).

شۇنى بىلىشىمىز زۆرۈركى، ئىقتىسادى ئەھۋالى تۆۋەن، ئەقىقە قىلىشقا قۇدرىتى يەتمەيدىغان كىشىلەردىن بالىلىرى ئۈچۈن ئەقىقە قىلىش ساقىت قىلىنىدۇ. باشقىلاردىن قەرز ئېلىپ ئەقىقە قىلىشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوقتۇر.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **"ئاللاھ سىلەرنى تاللىدى، سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۇشكۇللۇكنى يۈكلىمىدى**"{سۈرە«ھەج»(**22** ـ سۈرە)، **78** ـ ئايەت}؛ **"شۇڭا، سىلەر كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار**"{سۈرە«تەغابۇن»(**64** ـ سۈرە)، **16** ـ ئايەت}؛ **"ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ**"{سۈرە«بەقەرە»(**2** ـ سۈرە)، **185** ـ ئايەت}.

تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشىمىز زۆرۈركى، يۈكسەك مەنزىللەرنىڭ يېتەكچىسى، ئىنسانلارنىڭ دوستلۇق ئۈلگىسى رەسۇلىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئاللاھ تائالا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان دىن(ئەقىدىدە) توغرا، (تەكلىپ-ھۆكۈملەردە) كەڭچىل بولغان دىندۇر(يەنى ئىسلامدۇر)**"(بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

بىلىۋېلىشقا تېگىشلىككى، بالىسىغا ئەقىقە قىلماقچى بولغان كىشى ئالاھىدە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بالا تۇغۇلۇپ يەتتە كۈنگىچە ئەقىقە قىلالمىغان بولسا، **8** ـ كۈنى، **10** ـ كۈنى، **14** ـ كۈنى، ھەتتا **21** ـ كۈنلىرىمۇ ئەقىقە قىلسا كۇپايە قىلىدۇ. دەلىلكى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، سالىھ ئىبنى ئەھمەد، ئىمام مالىك رەھمەھۇللاھ قاتارلىق فەقىھ ئالىملار ئەقىقە قىلىشنىڭ ۋاقتى توغرىسىدا سورالغاندا، يۇقىرىقىدەك جاۋاب بەرگەن(دوكتور ئابدۇللا ناسىھ ئۇلۋانىنىڭ «ئىسلامدا پەرزەنت تەربىيەسى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى).

بالىغا ئىسىم قويغۇچى بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ، ئاۋۋال ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇئا ـ سالاملارنى يوللىغاندىن كېيىن بوۋاقنىڭ ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان، سول قۇلىقىغا تەكبىر ئېيتىپ بولۇپ: "ئوڭ قۇلىقىڭىزغا ئەزان، سول قۇلىقىڭىزغا تەكبىر ئېيتىپ، ئاللاھنىڭ بارلىق پەرىشتىلىرى ۋە بۇ سورۇنغا ھازىر بولغان مۇسۇلمان دوستلارنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك ئىسىملىرى 'پالانى' بولدى، دەپ ئوغۇل بولسا

ئوغۇلچە، قىز بولسا قىزچە ئۇنىڭ ئىسمىنى ئېلان قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىندا ياخشى دەپ سانالغان ياكى قىلىشقا ئۈندەلگەن ھەرقانداق سۆز-ھەرىكەتنى "بىسمىللاھىررەھمانىر رەھىم"(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن) ۋە ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا بىلەن باشلاشنىڭ مۇسۇلمانىنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقلىرى جۈملىسىدىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **"ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىش بىلەن باشلانمىغان ھەرقانداق ئىش بەرىكەت تاپمايدۇ"**( ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان)؛ **"بىسمىللاھىررەھمانىر رەھىم، بىلەن باشلانمىغان ھەرقانداق بىر ئىش بەرىكەت تاپمايدۇ"**( ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەرقانداق ئورۇندا ئۆزىگە دۇرۇد-سالام ئېيتىشقا رىغبەتلەندۇرۇپ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: **"...ماڭا دۇرۇد-سالام ئېيتىڭلار، قەيەردە بولساڭلار دۇرۇتىڭلار ماڭا يېتىپ تۇرىدۇ"**( ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان).

ئىسىم قويغۇچى ۋە ئىسىم قويۇش مۇراسىمىغا قاتناشقان جامائەتلەرمۇ بۇ پەرزەنتنىڭ ساق-سالامەت دۇنياغا كەلگەنلىكىنى قۇتلۇقلاپ مۇبارەكلەيدۇ.

ھەممىدىن بىھاجەت، مەدھىيەلەشكە لايىق رەببىمىز ئاللاھ تائالا تەڭداشسىز كالامى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **"(ئاللاھ ئېيتتىكى) ئى زەكەرىييا! بىز ھەقىقەتەن ساڭا يەھيا ئىسىملىك بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بېرىمىز، ئىلگىرى ھېچ ئادەمنى ئۇنىڭغا ئىسمداش قىلمىدۇق"**{سۈرە«مەريەم»(**19**-سۈرە)، 7-ئايەت}.

بالىغا ئىسىم قويغۇچى ئاخىرىدا، ئۇشبۇ پەرزەنتنىڭ ئاللاھنىڭ رەھمەت-ئىنايىتى، ھىدايەت-تەۋپىقى بىلەن سالىھ-سالىھە؛ ئاتا-ئانا، ئەل-يۇرتقا ۋاپادار، تەقۋادار، پەزىلەتلىك كىشىلەردىن بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن دۇئا-تىلەكلەرنى قىلىپ بوۋاقنى ئاتىسىغا تاپشۇرىدۇ.

ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەدىس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئابدۇللا ئىبنى زۇبەيرگە ئېغىر ئاياغ بولۇپ توققۇز ئايدىن كېيىن مەدىنەگە باردىم. ئۇنى قۇبادا يەڭگىدىم، ئاندىن مەن ئۇنى يۆگەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇچىقىغا قويدۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خورما ئەكەلدۇرۇپ ئۇنى ئۇششاق چايناپ بالىنىڭ ئاغزىغا سالدى. بۇ بالىنىڭ تۇغۇلۇپ تۇنجى يېگەن يېمەكلىكى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىغا دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭغا سالامەتلىك تىلىدى. بۇ بالا بىز مەدىنەگە بارغاندىن كېيىن ئىسلام دىنىدىكى بىرىنچى بوۋاق بولۇپ قالدى(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

مانا بۇ ئىسىم قويۇشتىكى ئاددىي تەرتىپتۇر. ھەركىمنىڭ قائىدە-يوسۇن بويىچە ئىش قىلمىقى ياخشىدۇر. يۇقىرىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسىم قويۇشقا ئائىت مەزمۇنلارنى قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتتۇق. بارلىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بۇ ئىشقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

(ئاپتور: قورغاس ناھىيە لەڭگەر مەسچىت ئىمام-خاتىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: ئادىل ھاجى كېرىم)





# ئاتا-ئانىغا ۋاپادارلىق قىلىش ئاللاھنىڭ ئەمرىدۇر

ئالىمجان ئابدۇراخمان

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئاتا-ئانا پەرزەنتلەرنىڭ مېھىر چەشمىسى، قاياشى، ھامىيسى، ياشاش ئۈلگىسىدۇر. شۇنداق بولغان ئىكەن، ئاتا-ئانا ئاجىز-قېرى، نامرات-يوقسۇل، كېسەل، ھەتتا دېۋەڭ بولغاندىمۇ يەنىلا ئاتا-ئانىدۇر. ئۇلارنى كۈتۈش، ئۇلارغا ۋاپادارلىق قىلىش، ھۆرمەت ۋە قەدىرلەشكە مەجبۇرىيەت باركى، خارلاش، تاشلىۋېتىش ۋە ھاقارەتلەشكە يول يوقتۇر.

ئەلشىر نەۋائىي ئاتا-ئانىلارغا ۋاپادارلىق قىلىشى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن:

باشنى پىدا ئەيلە ئاتا قاشىغا،

جىسمىڭنى قىل سەدىقە ئانا باشىغا.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ”**ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار**“{سۈرە«نىسا»(4-سۈرە)، 36-ئايەت}؛ ”**پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرى يا ئىككىلىسى سېنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ، ياشىنىپ قالغان بولسا، ئۇلارغا(زېرىككەنلىكنى بىلدۈرىدىغان) ئوھۇش دېگەنچىلىك گەپنىمۇ قىلمىغىن. ئۇلارغا قوپاللىق قىلمىغىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا چوڭقۇر مېھرىبانلىق بىلەن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: ”ئى رەببىم! ئۇلار مېنى كىچىك چېغىمدا(مېھىر بىلەن) تەربىيىلىگەندەك ئۇلارغا رەھمەت قىلغىن“ دېگىن**“{سۈرە«ئىسرا»(17-سۈرە)، 23-ئايەت}.

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن قالسىلا ئاتا-ئانىغا ھۆرمەت قىلىش ئالاھىدە قەيت قىلىنغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئاتا-ئانىغا ۋاپادار بولۇشنى ئىسلام دىنىمىزدىكى ھىجرەت، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلىشتىن يۇقىرى سانىغان. ئابدۇللا ئىبنى ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ”مەن ئاللاھ تائالادىن ساۋاب تەلەپ قىلىش يۈزىسىدىن ھىجرەت قىلىشقا ۋە جىھاد قىلىشقا ساڭا بەيئەت قىلىمەن“ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئاتا-ئاناڭدىن

ئاتا-ئانىلار ۋە پەرزەنتلەر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



بىرەرسى هاياتمۇ؟“ دېدى. ئۇ كىشى: ”هەئە. ئۇلارنىڭ هەر ئىككىسى هايات“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”سەن ئاللاھ تائالادىن ساۋاب تەلەپ قىلامسەن؟“ دېدى. ئۇ كىشى: ”هەئە“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **”سەن ئاتا-ئاناڭنىڭ يېنىغا قايتىپ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلغىن“** دېدى(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىز پەرزەنتلەرنى ئاتا-ئانىلارنى يالغۇز قويۇشقا ئەمەس، هالىدىن خەۋەر ئېلىشقا؛ ئۇلارنى قاقشىتىشقا ئەمەس، ئۇلارنى خۇشال قىلىشقا؛ ئۇلارنىڭ يۈرىكىدىن قان، كۆزىدىن ياش ئاققۇزۇشقا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ رازى قىلىشقا بۇيرۇغان. دېمەككى، ئەڭ بۈيۈك هەق ئاتا-ئانىنىڭ هەققىدۇر، بۇ هەققىنى ئادا قىلماي تۇرۇپ ئىنسانلىقتىكى باشقا هەقلەرنى ئادا قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاتا-ئانىغا ۋاپادار بولۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. هەتتا بۇ ۋاپادارلىقنى جىهادقا چىقماسلىقنىڭ شەرتى قىلغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا جاھىمە دېگەن بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ: ”ئى رەسۇلۇللاھ! مەن دىن ئۈچۈن جىهادقا چىقماقچىدىم، ئاتەيتەن سىزدىن مەسلىھەت سورىغىلى كەلدىم“ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئاناڭ بارمۇ؟“ دېدى. ئۇ ئادەم: ”بار“ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **”سەن ئۇنىڭغا ئىتائەت قىل، چۈنكى جەننەت ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدا“** دېدى(بۇ هەدىسنى ئەھمەد ۋە نەسەئى مۇئاۋىيە ئىبنى جاھىمەدىن رىۋايەت قىلغان).

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”بالا ئاتا-ئانىنىڭ هەققىنى ئادا قىلىپ بولالمايدۇ، ئەگەر ئاتا-ئانىسى قۇل بولسا ئۇلارنى سېتىۋېلىپ، ئازاد قىلىۋەتكەندىلا ئاندىن هەققىنى ئادا قىلغان بولىدۇ“** (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). دېمەك ئاتا-ئانىنىڭ هەققىنى ئۇلارغا هەرقانچە ياخشىلىق قىلساقمۇ ئادا قىلىپ بولالمايمىز. لېكىن ئاتا-ئانىمىز بىزنىڭ ئۇلار ئۈچۈن قىلغان كىچىككىنە ياخشىلىقلىرىمىزغا، ئۇلار بىلەن مۇڭدىشىش ئۈچۈن چىقارغان ئازغىنە ۋاقتىمىزغا ناهايىتى خۇشال بولۇپ، بىزدىن رازى بولۇپ كېتىدۇ. بىز شۇنچىلىك كىچىك ئەمەللەرنىمۇ قىلالماستىن ئاتا-ئانىمىزنى نارازى قىلساق بىزنىڭ ئەھۋالىمىز نېمە بولۇپ كېتەر؟

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام هەدىس شەرىفتە خەۋەر بەرگەن بۇ شەرەپلىك ئىبادەتنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئۇنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇش كېرەك. ئاتا-ئانىغا ۋاپادارلىق قىلىش هەر كىمنىڭ ئىمانى، ۋىجدانى، ئىنسابىغا باغلىقتۇر. بۇ هەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: **”ئىنساننى ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. چۈنكى، ئانىسى ئۇنىڭغا قاتمۇ-قات ئاجىزلاپ يۈرۈپ قورساق كۆتۈردى، ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى(ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا-ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىرى قايتىدىغان جايىڭلار مېنىڭ دەرگاھىمدۇر“**{سۈرە«لوقمان»(31-سۈرە)، 14-ئايەت}؛ **”بىز ئىنساننى ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئىنساننى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، مۇشەققەت بىلەن تۇغدى. ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى 30 ئايدۇر“**{سۈرە«ئەھقاف»(46-سۈرە)، 15-ئايەت}.

**1. ئىسلام دىنىمىزدا ئاتا-ئانىلارغا ۋاپاسىزلىق قىلىش چوڭ گۇناھ هېسابلىنىدۇ.**

ئەبۇ بەكرەتە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **”مەن سىلەرگە ئەڭ چوڭ گۇناھنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟“** دېدى. بىز: ”شۇنداق قىلسىلا ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى“ دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **”ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئاتا-ئانىنى قاقشىتىش ئەڭ چوڭ گۇناھتۇر“** دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلماي، يامانلىق قىلغان كىشىنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويىدى.

**2. ئىسلام دىنىمىزدا بالىنىڭ ئۆز ئاتا-ئانىسىنى قارغىشى چوڭ گۇناھ هېسابلىنىدۇ.**

ئابدۇللا ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”بىر كىشىنىڭ ئۆز ئاتا-ئانىسىنى قارغىشى ئەڭ چوڭ گۇناھ هېسابلىنىدۇ“**. كىشىلەر: ”ئى رەسۇلۇللاھ كىشى قانداقمۇ ئۆز ئاتا-ئانىسىنى

قارغىسۇن؟” دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: “**بىر ئادەم بىراۋنىڭ ئاتا-ئانىسىنى تىللايدۇ-دە، ئۇ قوپۇپ بۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنى قارغايدۇ**” دەپ جاۋاب بەردى(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

3. ئاتا ـ ئانىلارنى قاقشاتقۇچى جەننەتكە كىرمەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: “**ئاتا-ئانىنى قاقشاتقۇچى جەننەتكە كىرمەيدۇ**”(دارىمى، نەسەئى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان).

4. ئاتا ـ ئانىلارنى قاقشاتقۇچىلار مۇشۇ دۇنيادىلا جازالىنىدۇ. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: “**ئاللاھ ھەرقانداق گۇناھنىڭ جازاسىنى خالىسا، تا قىيامەت كۈنىگىچە كېچىكتۈرىدۇ. لېكىن، ئاتا-ئانىنى قاقشاتقان كىشىنى ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ھاياتى دۇنيادا كېچىكتۈرمەي جازالايدۇ**”(ئىمام ھاكىم رىۋايەت قىلغان).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ئەلقەمە ئىسىملىك بىر ياش يىگىت بولۇپ، ناھايىتى تىرىشچان ھەم ساخاۋەتلىك ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ناھايىتى ئېغىر كېسەل بولۇپ قاپتۇ، ئايالى ئېرىنىڭ سەكراتقا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا ئادەم ئەۋەتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئەلى، سەلمان، ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىق ساھابىلەرگە: “سىلەر ئەلقەمەنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ كېلىڭلار” دەپتۇ. ئۇلار ئەلقەمەنىڭ يېنىغا بېرىپ: “لائىلاھە ئىللەللاھۇ دېگىن” دېسە دېيەلمەپتۇ. ئۇلار ئەلقەمە ھالاك بولۇپتۇ دەپ ئويلاپ، رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەۋەتىپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئەلقەمەنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بار ـ يوقلىقىنى سورىغاندا، ئۇ ئەلقەمەنىڭ ئاتىسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىپ، ياشىنىپ قالغان ئانىسىنىڭلا قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلالغا: “ئى بىلال! **ئەلقەمەنىڭ ئانىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ سالامىمنى يەتكۈزۈپ قويغىن، ئەگەر ئۇ مېنىڭ قېشىمغا كېلەلىگۈدەك بولسا كەلسۇن، بولمىسا ئۇنىڭ يېنىغا ئۆزۈم بارىمەن**” دەپتۇ. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزىنى ئۇ مومايغا يەتكۈزگەندە، موماي: “ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا بېرىشىم ئەڭ لايىق” دەپ ھاسىسىغا تايىنىپ رەسۇلۇللاھ ھوزۇرىغا بېرىپتۇ؛ ئۆزئارا سالاملاشقاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. رەسۇلۇللاھ ئۇ مومايغا: “سىز ئوغلىڭىز ئەلقەمە ھەققىدە راست گەپ قىلىڭ” دېگەندە، موماي: “ئى رەسۇلۇللاھ، ئوغلۇم ئەلقەمە ناماز، روزا ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىپلا قالماي، قول ئىلكىدىكى بايلىقنى سەدىقە ـ ئېھسان قىلاتتى، ئۇنىڭ قىلغان ساخاۋىتىنىڭ ھەددى ـ ھېسابىنى بىلىپ بولغىلى بولمايدۇ” دەپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن ئانا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى سورىغاندا، ئۇ ئايال رەسۇلۇللاھقا: “مەن ئوغلۇمدىن نارازى ئىدىم، چۈنكى ئۇ ئايالىغا ئىتائەت قىلىپ ماڭا ئاسىيلىق قىلاتتى؛ ئايالىنى مەندىن چارە كۆرەتتى” دەپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: “ئانىسىنىڭ ئەلقەمەگە بولغان نارازىلىقى ئەلقەمەنىڭ شاھادەت ئېيتىشىغا توسالغۇ بولغان” دەپ، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: “ئى بىلال، بېرىپ ئوتۇن يىغىپ ئەلقەمەنى كۆيدۈرۈۋەت” دەپ تۇرۇشىغا، موماي: “ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم، شۇنداقلا مېنىڭ يۈرەك پارەم تۇرسا، ئۇ كۆز ئالدىمدا كۆيدۈرۈۋېتىلسە، ئۇنىڭغا قانداق چىداپ تۇرالايمەن؟” دەپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: “ئى ئەلقەمەنىڭ **ئانىسى! ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى قاتتىق. ئەگەر ئاللاھ تائالانىڭ ئەلقەمەنى مەغپىرەت قىلىشى سىزنى خۇشال قىلىدىكەن، سىز ئوغلىڭىزدىن رازى بولۇڭ. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىز ئوغلىڭىزدىن رازى بولمايدىكەنسىز، ئۇنىڭ ئوقۇغان نامىزى، قىلغان سەدىقىسى ئۇنىڭغا ئەسلا مەنپەئەت قىلمايدۇ**” دېگەندە، موماي: “ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ بىلەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مەن ئوغلۇم ئەلقەمەدىن رازى بولدۇم” دەپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: “ئى بىلال! **ئەمدى بېرىپ قاراپ باق، ئەلقەمە شاھادەت ئېيتىشقا قادىر بولالىدىمۇ؟**” دەپتۇ. بىلال ئەلقەمەنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ شاھادەت ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. ئەلقەمە شۇ كۈنى ئۆلۈپ كېتىپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ نامىزىنى ئوقۇپ، دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەبرىسى ئالدىدا تۇرۇپ بارلىق مۇسۇلمانلارغا

**"ئى مۇھاجىر ۋە ئەنسارلار! ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ ئائىلىنى ئاتا-ئانىسىدىن ئۈستۈن كۆرىدىكەن، ئۇنداق ئادەملەرگە ئاللاھ تائالانىڭ لەنىتى بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇنداق ئادەملەردىن پەرز ۋە نەپلە ئىبادەتلەر قوبۇل قىلىنمايدۇ"** دەپ جاكارلاپتۇ. ئاتا ـ ئانىسىنى رازى قىلماي، ئۇلارنى قاقشاتقانلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ھەرقانداق ئەقىل ئىگىسى يۇقىرىقى رىۋايەتتىن دەرھال چۈشىنىۋالالايدۇ.

5. ئاتا ـ ئانىغا قىلغان ياخشىلىققا مىننەت قىلىش قەتئىي دۇرۇس ئەمەس.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئانىسىنى يۇدۇپ، تاۋاپ قىلىۋاتقان بىر ئادەمنى كۆرىدۇ، ئۇ ئادەم: "ئى ئىبنى ئۆمەر! بۇ ئىشىم بىلەن ئانامنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى قايتۇرغان بولىمەنمۇ؟" دەپ سوراپتۇ. ئىبنى ئۆمەر: "سېنىڭ بۇ قىلغىنىڭ ئۇنىڭ تارتقان تولغاقلىرىدىن بىرىگە توغرا كەلمەيدۇ، ئەمما سەن ياخشى ئىش قىلىۋېتىپسەن، ئاللاھ ئاز ئەمەللەرگە كۆپ ساۋاب بەرسۇن" دەپتۇ.

ئانىسىنى يۇدۇپ تاۋاپ قىلىۋاتقان بۇ ئادەم ئانىسىنى بىر قانچە سائەت ياكى بىر قانچە كۈن كۆتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئانىسى ئۇنى توققۇز ئاي قورسىقىدا كۆتۈرگەن، تالاي كېچىلەردە بالا ئۈچۈن ئۇخلىماي، كۆكسىدىن ئاق سۈت بەرگەن، مېھنەت قىلىپ مىننەت قىلمىغان؛ ئەجىر قىلىپ، ئەجىر تەلەپ قىلمىغان پەرۋىشكارلاردۇر.

6. ئاتا ـ ئانىلارنى قاقشاتقۇچىنىڭ ياخشى ئەمەللىرى قىيامەتتە ئۇنىڭغا ئەسقاتمايدۇ. ئەمرۇ ئىبنى مۇررە جۇھەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: "بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: يا رەسۇلۇللاھ، ئەگەر مەن بەش ۋاخ نامازنى ئوقۇسام، رامىزان روزىسىنى تۇتسام، زاكاتنى ئادا قىلسام، ھەج قىلسام ماڭا قانداق ئەجىر ـ ساۋاب بېرىلىدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: كىمكى شۇنداق قىلسا، پەيغەمبەرلەر بىلەن، سىددىقلار(راستچىللار) بىلەن، شېھىتلار بىلەن، سالىھ كىشىلەر بىلەن بىرگە بولىدۇ. لېكىن ئاتا ـ ئانىنى قاقشاتقان كىشى ئۇنداق بولمايدۇ، دېدى"(ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان).

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئۈچ تۈرلۈك كىشى بار، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئۇلارغا قارىمايدۇ. ئۇلار ئاتا-ئانىسىنى قاقشاتقان كىشى، ھاراقكەش(داۋاملىق ھاراق ئىچىدىغان كىشى)، بەرگەن نەرسىسىگە مىننەت قىلغۇچى"**(نەسەئى رىۋايەت قىلغان).

يۇقىرىدىكى ھەدىستە پەرزەنتلەرنىڭ ھاراق(يەنى ئەقلىنى مەست قىلىدىغان نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشى) ئارقىلىق ئاتا ـ ئانىلارغا ھۆرمەتسىزلىك قىلسا، ماددىي ـ مەنىۋى زىيانلارنى سېلىش ئارقىلىق ئۇلارنى قاقشىتىپ ۋاپاسىزلىق قىلسا، ئۇلارغا بەرگەن ئازغىنە نەرسىگە مىننەت قىلسا، ئاللاھ تائالانىڭ قىيامەتتە ئۇ نائەھلىگە رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدىغانلىقى ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

7. ئاتا ـ ئانىنىڭ دۇئاسى شەكسىز قوبۇل بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك كىشىنىڭ دۇئاسىنىڭ قوبۇل بولۇشىدا شەك يوقتۇر. بىرىنچى، مەزلۇمنىڭ دۇئاسى، ئىككىنچى مۇساپىرنىڭ دۇئاسى؛ ئۈچىنچى دادىسىنىڭ ئوغلىغا قىلغان دۇئاسىدۇر"** (تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان).

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلارغا ۋاپادارلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئالايلىكى، ھەرگىز ئۇلارنى قاقشىتىپ، ئۇلارنىڭ بەد دۇئاسىغا، قارغىشىغا قالمايلى.

8. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ يوللۇق تەلەپلىرىنى ئورۇندىماسلىق ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى قاقشىتىشتۇر.

ئەمرى ئىبنى شۇئەيىنىڭ چوڭ دادىسى مۇنداق دەيدۇ: "بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: 'ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، مېنىڭ ئازدۇر ـ كۆپتۇر مال ـ مۈلكۈم ۋە پەرزەنتلىرىم بار، ئاتام دائىم مېنىڭ مېلىمدىن سورايدۇ، قانداق قىلسام بولىدۇ؟' دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **'سېنىڭ مال-مۈلكۈڭ ئاتاڭنىڭدۇر' دېدى. ئاندىن يەنە: 'ھەقىقەتەن پەرزەنتىڭلار سىلەرنىڭ ئەڭ پاك مېلىڭلاردۇر. شۇڭا، پەرزەنتىڭلارنىڭ تاپقان مال-مۈلكىدىن يەڭلار!'** دەپ جاۋاب بەردى(ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان).

دېمەك، پەرزەنت ئاتا ـ ئانىنىڭ ۋۇجۇدى، راھىتى، ئەجرىدىن پۈتكەن شاھانە ئەسەر، شۇنداق بولغان ئىكەن سىز ۋە سىزنىڭ مېلىڭىز ئۆزىڭىزگە

تەۋە ئەمەس، بەلكى ئۆز ۋۇجۇدى، روھى، ئەجرىنى سىڭدۈرگەن ئاتىڭىزغا مەنسۇپ.

**9. ئېتىقادى ئوخشاش بولمىغان تەقدىردىمۇ ئاتا ـ ئانىغا ۋاپادار بولۇش كېرەك.**

ئېتىقادى ئوخشاش بولمىغان ئاتا ـ ئانىلارغا ۋاپادار بولۇش پرىنسىپى ــ ئىسلام دىنىنىڭ ئالەمشۇمۇل دىن ئىكەنلىكى ۋە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقىدىندۇر.

مۇسۇلمان پەرزەنتلەرنىڭ مۇشرىك ئاتا ـ ئانىلارغا ۋاپادارلىق قىلىشى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆزلىرىنى ئاللاھقا ۋاكالىتەن دۇنياغا كۆز ئاچتۇرغانلىقى، تەربىيەلەپ ئۆستۈرگەن شەپقىتىگە قايتۇرغان جاۋابىدۇر. ئۇلارغا بويسۇنۇش، بۇيرۇقلىرىغا جازا ياكى تەنبىھتىن قورقۇپ ئەمەس، بەلكى ھۆرمەت ھامىسىغا بولغان ئىشەنچ ۋە سۆيگۈ سەۋەبىدىن بويسۇنۇشتۇر.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: **"ئەگەر ئاتا-ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن"** {سۈرە«لوقمان»(31 ـ سۈرە)، 15 ـ ئايەت}.

دېمەككى، مۇسۇلمان پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى مۇشرىك بولۇپ، ئۇلار پەرزەنتلىرىنى ئىماندىن ياندۇرماقچى ياكى ئېتىقادىغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولسا، پەرزەنتلەر ئىماندا مۇستەھكەم تۇرۇشى، ئۆز ئېتىقادىنى قوغدىشى، شۇنداقتىمۇ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن چىرايلىق ئۆتۈشى كېرەك. چۈنكى ئاخىرەتتە ھەركىم ئۆزىنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىگە جاۋابكار بولىدۇ.

ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ قىزى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: "رەسۇلۇللاھ بىلەن قۇرەيشلەر ئارىسىدا ھۇدەيبىيە سۈلھىسى ئىمزالانغان زاماندا، ئانام دادىسى بىلەن مېنى يوقلاپ كەلدى. بۇ چاغدا ئانام تېخى مۇسۇلمان بولمىغانىدى، مەن رەسۇلۇللاھتىن: 'ئانام مېنىڭ قېشىمغا مەندىن بىرەر نەرسە ئۈمىد قىلىپ كەپتۇ، ئانامغا سىلە ـ رەھىم قىلسام بولامدۇ؟' دەپ سورىدىم. رەسۇلۇللاھ: '**ھەئە، سىلە-رەھىم قىلغىن**' دېدى(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

بۇ ھەدىستە ئاتا ـ ئانا كۇففار بولغان تەقدىردىمۇ، پەرزەنتلەرنىڭ ئۇلارغا ياردەم قىلىشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن؛ ھالبۇكى، مەيلى قانداق ياردەم قىلسۇن، ئىماندىن ۋاز كەچمەسلىكى شەرت.

**10. ئاتا ـ ئانىلارغا ۋاپادارلىق قىلغاندا ئېرىشىدىغان مەنپەئەتلەر:**

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەردىن ئۈچ كىشى سەپەرگە چىقىپ كەچ كىرگەندە بىر غارنىڭ ئىچىگە كىرىۋالىدۇ. بۇ چاغدا بىر قورام تاش يۇقىرىدىن دومىلاپ چۈشۈپ، غارنىڭ ئاغزىنى توسۇۋالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ تاشتىن قۇتۇلۇپ چىقىش ئۈچۈن ھاياتىدا قىلغان ئەڭ ئەۋزەل ئەمەلىنى تىلغا ئېلىپ، ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلىمەكچى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى 'ئى ئاللاھ! مېنىڭ ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانام بار ئىدى. مەن ھەمىشە ئالدى بىلەن ئاتا ـ ئانامنى غىزالاندۇرۇپ، ئاندىن ئەھلى ـ ئايالىم ۋە خىزمەتچىلىرىمنى غىزالاندۇراتتىم. بىر كۈنى مەن ماللىرىمنى ئوتلىتىش ئۈچۈن يىراق جايلارغا كېتىپ كەچرەك قايتىپ كەلدىم. ماللىرىمنى سېغىپ، سۈتىنى ئېلىپ كەلسەم، ئاتا ـ ئانام ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇلارنى ئويغىتىشنى ۋە ئۇلاردىن بۇرۇن ئەھلى ـ ئايالىم ۋە خىزمەتچىلىرىمنى غىزالاندۇرۇشنى خوپ كۆرمەي، تاڭ ئاتقانغا قەدەر قاچا قولۇمدا ئاتا ـ ئانامنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتتۈم، كىچىك باللىرىم قورسىقى ئاچ ھالدا ئايىغىمدا يىغلاپ تۇرۇشاتتى، ئاتا ـ ئانام ئويغىنىپ كەچلىك تاماقى بولغان سۈتنى ئىچىشتى. ئى ئاللاھ! مۇشۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغانلىقىمنى بىلگەن بولساڭ، بۇ تاشنى كۆتۈرۈۋەتكىن' دېدى. شۇنىڭ بىلەن قورام تاش بىر ئاز كۆتۈرۈلدى"(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

دېمەككى، ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلغان كىشىگە ئاللاھ ياردەم قىلىدۇ. بىزلەرمۇ ئاتا ـ ئانىلىرىمىزغا ئاشۇ ئىنسانلاردەك ۋاپادار بولالىدۇقمۇ؟ ئاتا ـ ئانىمىز بىزگە موھتاج بولغاندا ياردەم قولىمىزنى سۇنالىدۇقمۇ؟ ئاتا ـ ئانىمىز بىلەن دىدارلىشىش ـ مۇڭدىشىش ئۈچۈن ئازراق ۋاقتىمىزنى چىقىرالىدۇقمۇ؟ ئۇلار كۈچىدىن كېتىپ، ئاغرىپ يېتىپ قالغاندا پۇل

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىر تور ئادرېسى



مـاللىرىمىزنى سـەرپ قىلالىـدۇقمۇ؟ كۈتـۈلمىگەن ئـاپەتلەردىن سـاقلىنىپ، تۇرمۇشـىمىز بەختلىـك، ئـائىلىمىز خـاتىرجەم بولسـۇن دەيـدىكەنمىز ئاتـا ـ ئانىمىزغا ياخشى قارىشىمىز، ئۇلارغا ۋاپادارلىقىمىزنى كۆپرەك يەتكۈزۈشىمىز كېرەك.

**11**. ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلغان پەرزەنـتلەرگە ئاللاھ هاياتى دۇنيادا كاتتا نېمەت ئاتا قىلىدۇ.

ئەنەس رەزىيەللاھـۇ ئەنهـۇدىن رىـۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**بىر كىشى ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن، رىزقىنىڭ زىيادە بولۇشىنى ئاللاھتىن تىلىسە، ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلسۇن، سىلە-رەھىم قىلسۇن**"(ئىمام بەيھەقى رىۋايەت قىلغان).

**12**. ئاتا ـ ئانا ۋاپات بولغاندىن كېيىن قىلىدىغان ئىشلار:

بـۇ ھەقـتە ئاللاھنىـڭ دوسـتى ئىبـراھىم ئەلەيھىسسالام ئاتـا ـ ئانىلارغـا دۇئـا قىلىشـقا بىـزگە ياخشى ئۈلگە بولۇپ ئۇ مۇنداق دېگەن: "**ئى رەببىم! ھېسـاب ئالـىدىغان كۈنـدە ماڭـا، ئاتـا-ئانامغـا ۋە مۇئمىنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن**"{سۈرە« ئىبـراھىم(**14** ـ سۈرە)، **41** ـ ئايەت}.

مالىـك ئىبنـى رابىئە رەزىيەللاھـۇ ئەنهـۇدىن رىـۋايەت قىلىـپ مۇنـداق دەيـدۇ: "بىـز پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ يېنىـدا ئولتۇراتتـۇق، بىـر ئـادەم پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالامدىن: 'ئاتـا ـ ئانـام ئۆلـۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئـۇلار ئۈچـۈن قىلىـدىغان بىـرەر ياخشـىلىق بـارمۇ؟' دەپ سـورىغاندا، پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالام: '**مۇنداق تۆت ئىش بار، بىرىنچىسى، ئۇلار ھەققـىدە دۇئـا قىلـىش؛ ئىككىنچىسـى، ئـۇلار ئۈچـۈن ئـاللاھتىن مەغپىـرەت تىـلەش؛ ئۈچىنچىسـى، ئۇلارنىـڭ ۋەدىسـىنى ئورۇنـداش؛ تۆتىنچىسـى، ئۇلارنىـڭ دوستلىرىغا ئىـززەت-ئىكـرام قىلىشـى ۋە ئاتـا-ئانـا تەرەپتىن بولغـان ئـۇرۇق-تۇغقانلارغـا مېهـر-شـەپقەت يەتكـۈزۈش**' دەپ جاۋاب بەردى"(ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان).

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھـۇ ئەنهۇمادىن رىـۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**ئاتىسـىنىڭ دوسـتىغا دوسـتلۇق مېهرىنـى يەتكـۈزۈش ياخشـىلىقنىڭ ئەڭ ياخشىسـىدۇر**"(تىرمىـزى رىـۋايەت قىلغان).

ئابدۇللا ئىبنـى ئـۆمەر رەزىيەللاھـۇ ئەنهۇمـادىن ئاتىسىنىڭ بىر دوستىنى ئۇچرىتىپ قىلىپ، قالتىس ئىززەت ـ ئىكرام قىلىـپ كەتـكەن(بەزى رىـۋايەتلەردە ئۇنىڭغا مىنىـدىغان ئېتىنـى بېرىـۋەتكەن دېيىلىـدۇ). بـۇنى كـۆرگەن بىـر كىشـى ئابـدۇللا ئىبنـى ئـۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇماغا: "ئۇنىڭغـا بىـر ئىككـى تەڭگە بېرىـپ قويسـاڭلار بولمـىدىمۇ؟" دېگەنـدە، ئابـدۇللا ئىبنى ئـۆمەر رەزىيەللاھـۇ ئەنهۇمـا جـاۋابەن مۇنـداق دەيدۇ: "مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ '**ئاتاڭنىڭ دوستىغا كۆيۈنگىن، ئۇنىڭدىن شەپقىتىڭنى ئايىما، ئۇنداق بولمايـدىكەن، ئـاللاھ نـۇرىڭنى ئۆچـۈرۈپ تاشـلايدۇ**' دېگەنلىكىنـى ئاڭلىغـان. شـۇڭا مۇشـۇنداق قىلـدىم (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنـداق دەيـدۇ: سەئىد ئىبنى ئۇبـادە رەسـۇلۇللاھتىن: "ئانـام هايـات ۋاقتىـدا بىـر ئىشـنى نىيەت قىلىپتىكەن. لېكىن نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرالماي قازا قىلدى. قانداق قىلسام بولار؟" دەپ سـورىغاندا، رەسـۇلۇللاھ: "**سـەن ئۇنىڭغـا ۋاكالـەتەن ئـورۇنلىغىن**" دېـگەن(بۇخـارى، مۇسـلىم رىۋايەت قىلغان).

ئاتا ـ ئانـا ۋاپـات بولغانـدىن كېـيىن ئۇلارنىـڭ جىنازا نامىزىنى چۈشۈرۈشىنىڭ ئالدىـدا قەرزىنـى ئـادا قىلىش كېرەك.

ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهـۇ مۇنـداق دېـدى: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئۈستىدە قەرزى بار ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئادەم كەلتۈرۈلەتتى. ئانـدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: '**بۇ ئادەم قەرزىنى ئادا قىلىپ بولغـانمۇ؟**' دەپ سـورايتتى. ئەگەر ئـۇ ئادەمنىـڭ قەرزىنى ئادا قىلىپ بولغانلىقى سۆزلەنسە، پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىـڭ نـامىزىنى چۈشـۈرەتتى. ئەگەر ئۇنـداق بولمىسـا، پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام '**قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ نامىزىنى سىلەر چۈشۈرۈڭلار**' دەيتتى (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

يـۇقىرىقى ھەدىسـتىن مەلـۇمكى، پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام قەرزدار كىشـىنىڭ نـامىزىنى چۈشـۈرمىگەن، چـۈنكى بەنـدە بىـلەن بەنـدىنىڭ ئوتتۇرىسـىدىكى ھەق ئـادا بـولمىغىچە جەنـنەتكە كىرىش مۇمكىن ئەمەس. پەرزەنتلەر ئاتـا ـ ئـانىلىرى هايات چېغىدا ئادا قىلىپ بولالمىغان قەرزلىرىنى ئـادا قىلسا كاتتـا سـاۋاب قازانغـان بولـىدۇ. ئەگەر ۋاپـادار

پەرزەنت بولىمىز دەيدىكەنمىز ئۇلارنىڭ نامىزىنى چۇشۇرۇش ئالدىدا بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلىشىمىز كېرەك.

خۇلاسە كالام، ھەممىمىز دوزاختىن پاناھ تىلەپ، جەننەتكە كىرىشنى ئارزۇ قىلىمىز. بۇ مەقسىتىمىزگە يەتمەكچى بولغان يولنى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىس شەرىفتە بايان قىلىپ بەردى. شۇنداق بولغان ئىكەن، بىز پەرزەنتلەر ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ، ئاتا ـ ئانىلارغا ۋاپادارلىق قىلىپ، ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياخشى ئۇممىتى بولۇش ئۇچۇن تىرىشىشىمىز كېرەك. ئاتا ـ ئانىمىز ھايات ۋاقتىدىلا ئۇلارنىڭ قەدرىگە يېتىشىمىز، ئۇلارنىڭ ئېسىل ئەخلاقى، ياخشى تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىشىمىز، ئۇلارغا ھەمىشە ھۆرمەت ـ تەزىمدە بولۇپ، ھەققىنى جەزمەن ئادا قىلىشىمىز، ئۇلار بىلەن پاراڭلاشقاندا ياكى مۇئامىلە قىلغاندا كۆڭلىگە كېلىدىغان سۆزلەردىن ساقلىنىشىمىز، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقىشىمىز، دۇنيا تالاشماسلىقىمىز، كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە ئۇلارنى خۇشال قىلىشىمىز ۋە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەسلىك شەرتى ئاستىدا ئۇلارنى رازى قىلىشىمىز، ئۇلار ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھەر دائىم دۇئا قىلىشىمىز، ئۇلارنىڭ ياخشى ئەخلاق ـ پەزىلىتىگە ۋارىسلىق قىلىشىمىز كېرەك.

ئاللاھ تائالا بىزنى ئاتا ـ ئانىمىزغا ۋاپادار پەرزەنت، شۇنداقلا بالىلىرىمىزنىمۇ ئاتا ـ ئانىسىغا ۋاپادار پەرزەنت قىلغاي، بەخت ـ سائادەت ئەنە شۇنداق داۋاملاشقاي، ئامىن!

(ئاپتور: قورغاس ناھىيە مەركەز مەسچىت ئىمام ـ خاتىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)

***ئىسراپچىلىق*** ــ ئىسراپچىلىق ماددىي ئىسراپچىلىقتىن باشقا يەنە بىر خىل بەتخۇيلۇق، ئىشلاردا چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش، ھەددىنى بىلمەسلىك، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى تونۇماسلىق، بۇ نېمەتلەرنىڭ ھەققىنى ئادا قىلماسلىق، بۇ ھەقلەرنى زايە قىلىۋېتىش، تېگىشلىك يېرىگە ئىشلەتمەسلىك دېگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، كۆڭۈللىرىڭنى ئەھمىيەتسىز، پۇچەك ئىشلارغا سەرپ قىلىۋەتسەڭ ۋاقتىڭنى ئىسراپ قىلغان بولىسەن. تېگىشلىك بىلىم ۋە ھۈنەر ئۆگەنمىسەڭ، كاللا ئىشلىتىشنى خالىمىساڭ، ياكى ئۆگىنىدىغان نەرسىنى ئۆگەنمەي، ئاقماس، زىيانلىق نەرسىلەرنى ئۆگەنسەڭ ئەقلىڭنى ئىسراپ قىلغان بولىسەن؛ ئاتا ـ ئاناڭنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىساڭ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭغا كۆيۈنمىسەڭ، قېرىنداشلىرىڭغا مېھىر بېرەلمىسەڭ، رەھىم ـ شەپقەتنىڭ، مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ ساۋابىنى زايە قىلىۋەتكەن بولىسەن.

ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادا جان ۋە مالدىن ئىبارەت ئىككى بۈيۈك نېمىتى باردۇر، دىنىمىزمۇ بۇ ئىككى نېمەتنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشنى، ئۇنى قوغداشنى، قەدرىنى قىلىشنى تەكىتلەيدۇ. بىراۋنىڭ جېنىغا، مېلىغا قەست قىلىش چوڭ گۇناھ. شۇنداق بولغان يەردە، ئەلۋەتتە ئۆزىمىزنىڭ جېنى ۋە مېلىغىمۇ قەست قىلماسلىقىمىز كېرەك. جان ماھىيەتتە ۋاقىت دېمەكتۇر. جانغا قەست قىلىش ۋاقىت ئىسراپچىلىقى بىلەن خاراكتېرلەنسە، مالغا قەست قىلىش ھەددىدىن ئارتۇق ھەشەم، بەتخەجلىك ۋە پۇل ـ مالنى جايىغا ئىشلەتمەسلىك بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. جانمۇ ئۆزۈمنىڭ، مالمۇ ئۆزۈمنىڭ دەپ ئۇنى خالىغانچە ئىسراپ قىلغىلى بولمايدۇ، ئۇنى ئىسراپ قىلىش، ھەتتا زىيانلىق يەرگە ئىشلىتىش ئاقىۋەتتە ئاستا خاراكتېرلىك ۋەيرانچىلىق، پالاكەت، ھالاكەت ئېلىپ كېلىدۇ. زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىلەر بۇنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالىدۇر. شۇڭا دىنىمىز ھەر ئىنساندىن ئۆز جېنى ۋە مېلىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشنى، ئۇنى ئىسراپ قىلماسلىقنى، بۇ نېمەتلەردىن ياخشى پايدىلىنىپ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەت قازىنىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. (ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد تەييارلىغان)

uyghurkitap.com





# ئىمام مۇسلىم ۋە ئۇنىڭ كىتابى «سەھىھ مۇسلىم» توغرىسىدا

مۇھەممەد ئابدۇللا ئۇمەر

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئىمام مۇسلىم بۈيۈك مۇھەددىس ئالىم، مۇھەددىسلەرنىڭ پېشۋاسى، ھىجرىيە 3-ئەسىردىكى ۋەكىللىك ئالىملاردىن بىرى، قۇرئاندىن قالسا ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە نوپۇزلۇق ھېسابلىنىدىغان ئىككى سەھىھ ھەدىس توپلىمىنىڭ بىرى «سەھىھ مۇسلىم»نىڭ مۇئەللىپىدۇر. ئۇ پۈتكۈل ھاياتىنى ۋە قان-تەرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى توپلاشقا ھەمدە ئۇنى خاتىرىلەپ كېيىنكى ئەۋلاد مۇسۇلمانلارغا يەتكۈزۈشكە بېغىشلىغان، بارلىقىنى ئىسلامىيەت ئىشلىرىغا ئاتىغان، ئىلمى ئىجادىيەتلىرى كۆپ، ھوسۇللۇق ئۇلۇغ ئالىمدۇر. ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى «سەھىھ مۇسلىم»نىڭ ھەدىس كىتابلىرى ئىچىدە تۇتقان ئورنى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، قۇرئان كەرىم ۋە «سەھىھۇلبۇخارى»دىن قالسىلا ئىسلامدىكى ئەڭ سەھىھ ۋە نوپۇزلۇق 3-كىتاب ۋە مەنبە بولۇپ سانىلىدۇ. تۆۋەندە بىز بۇ ئۇلۇغ ئالىمنىڭ ھاياتى ۋە ئىلمى پائالىيەتلىرى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز:

ئىسلام ئالىملىرى

## 1. ئىمام مۇسلىمنىڭ ھاياتى

ئىمام مۇسلىمنىڭ تولۇق ئىسمى مۇسلىم ئىبنى ھەججاج ئىبنى مۇسلىم ئەلقۇشەيرى بولۇپ، ئىشەنچلىك رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا ئىمام بۇخارىدىن 8 يىل كېيىن، يەنى ھىجرىيە 204-يىلى (مىلادىيە 822-يىلى) خۇراساندىكى نىسابور شەھىرى (ھازىرقى ئىراننىڭ نىسابور شەھىرى)دە تۇغۇلغان. كېيىن ھەدىس ئىلمىدە ۋايىغا يېتىپ «سەھىھ مۇسلىم» قاتارلىق مەشھۇر كىتابلارنى تۈزۈپ ۋە يېزىپ چىققاندىن كېيىن ھەدىس ئىلمىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىسى بولغان ئىمام(يولباشچى دېگەن مەنىدە بولۇپ، ھەربىر پەندە ۋايىغا يەتكەن ئالىملارغا بېرىلىدىغان نام) دېگەن سۆز بىلەن تەرىپلەنگەن. ئىمام مۇسلىم ئىمام بۇخارى قاتارلىق نۇرغۇن ئالىملارغا ئوخشاش يۇرتىغا نىسبەت بېرىلىپ ئاتالماستىن ئۆز ئىسمى بىلەن ئىمام مۇسلىم دەپ مەشھۇر بولغان.

ئۇنىڭ دادىسى ھەججاج ئىلىم ھەلقىسى قۇرغان، كىشىلەرگە ئىلىم ئۆگىتىدىغان ئوقۇمۇشلۇق ئالىم كىشى ئىدى، شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئىمام مۇسلىمنى كىچىككىدىن باشلاپلا كۆڭۈل قويۇپ تەربىيەلەپ ئۇنىڭ كەلگۈسىدە ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن ئاساس

سالغاندى. ئىمام مۇسلىم ئىلمى مۇھىتى قويۇق ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەچكە كىچىكىدىن باشلاپلا ئىلىمخۇمار، تىرىشچان بولۇپ، زېرەك ۋە پاراسەتلىك چوڭ بولدى. ئۇ كىچىكىدىلا قۇرئاننى يادلىدى، دادىسىدىن ۋە يۇرتى نىسابۇردىكى ئالىملاردىن ئىلىم تەھسىل قىلدى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىمام مۇسلىم 14 ياش ۋاقتىدا ھەدىس يادلاشنى رەسمىي باشلىغان. ئۇ ئاۋۋال نىسابۇردىكى چوڭ مۇھەددىس ئالىم يەھيا ئىبنى يەھيا ئەتتەمىيمىدىن ھەدىس ئۆگەنگەن. ھەدىس ئۆگىنىش جەريانىدا ئىمام مۇسلىمدا ھەدىس شەرىفكە نىسبەتەن ئالاھىدە ئىشتىياق ۋە مۇھەببەت قوزغالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۇنجى ئۇستازىدىن بىر مەزگىل ھەدىس ئۆگەنگەندىن كېيىن باشقا شەھەر ۋە يۇرتلارغا بېرىپ، شۇ جايدىكى ئالىملاردىن ھەدىس ئۆگىنىشنى ۋە توپلاشنى كۆڭلىگە پۈككەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 20 يىلغا يېقىن داۋاملاشقان ھەدىس ئۆگىنىش ۋە توپلاش سەپىرىنى باشلىغان.

ئۇ ئاۋۋال شۇ دەۋردىكى مەرىپەت بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى بولغان ئىراقنىڭ بەسرە شەھىرىگە بارغان ھەمدە شۇ جايدىكى چوڭ مۇھەددىسلەر ۋە ئۇستازلاردىن ھەدىس ئۆگەنگەن. بەسرەدە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن مەككەگە بېرىپ ھەج قىلغان. ھەجدىن كېيىن مەككەدىكى قەئنەبى قاتارلىق چوڭ ئالىملاردىن ھەدىس ئۆگەنگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن مەدىنەگە سەپەر قىلغان، مەدىنەدە سەئىد ئىبنى مەنسۇر، ئەبۇ مۇسئەت قاتارلىق ئالىملاردىن ئىلىم تەھسىل قىلغان، ئۇلاردىن ھەدىس ئۆگەنگەن، مەدىنەدىكى ھەدىسلەرنى توپلىغان ۋە خاتىرىلىگەن.

بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇ مىسىرغا بېرىپ ئەمرى ئىبنى سەۋاد، ھەرمەلە ئىبنى يەھيا قاتارلىق ئالىملاردىن ھەدىس ئۆگەنگەن. ئاندىن شامغا سەپەر قىلىپ شۇ جايدىكى ئالىملاردىن ھەدىس ئۆگەنگەن ۋە يادلىغان، ھەدىس رىۋايەتچىلىرىدىن ھەدىس توپلىغان.

شامدا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن ئىراققا كېلىپ، ئابباسىيلار دۆلىتىنىڭ پايتەختى، شۇ دەۋردىكى ئىلىم ـ مەرىپەت مەركىزى باغدادتا بىر مەزگىل ئىلىم ئۆگەنگەن، مۇھەددىسلەردىن ھەدىس ئاڭلىغان ۋە يادلىغان. باغداد شۇ دەۋرنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل قاتارلىق ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ۋە يېتۈك ئالىملار توپلاشقان شەھەر ئىدى. ئۇ باغدادتىكى شۇ ئالىملاردىن ھەدىس ئۆگەندى ھەمدە ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولدى.

ئىمام مۇسلىم باغدادتا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن رەيگە كەلدى، بۇ جايدا بىر مەزگىل ئىلىم تەھسىل قىلغاندىن كېيىن خۇراسانغا قايتىپ كېلىپ ئاخىرقى ئۆمرىنى خۇراساندا ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرى بىلەن ئۆتكۈزدى.

ئىمام مۇسلىم ئىسلامدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك سەھىھ ھەدىس توپلىمىنىڭ مۇئەللىپى ئىمام بۇخارىنى ئۇزۇن مۇددەت ئۇستاز تۇتۇپ ئۇنىڭدىن ئىلىم تەھسىل قىلغان بولۇپ، ئىمام بۇخارىنى بەكلا ھۆرمەتلەيتتى، ئىلىم جەھەتتە، بولۇپمۇ ھەدىس ئىلمى جەھەتتە بۇخارىدىن كۆپ مەنپەئەت ئالغاندى.

تەرجىمھال ئالىملىرىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئىمام مۇسلىمنىڭ زېمىن يېرى بولۇپ، شۇ يەرنى ئىجارىگە بېرەتتى. شۇڭلاشقا ئىقتىسادى جەھەتتىن قىينىلىپ قالماي ئۇزۇن يىل ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن يىراقلارغا سەپەر قىلالىدى، زىيادە تۇرمۇش بېسىمىغا ئۇچرىماستىن، باشقىلارنىڭ سەدىقىسى ۋە سوۋغا ـ سالىمىغا موھتاج بولۇپ قالماستىن پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىلىم ئىشلىرىغا، بولۇپمۇ ھەدىس ساھەسىدىكى ئىزدىنىشلىرىگە بېغىشلىيالىغاندى.

پۈتۈن ئۆمرىنى ئىلىمگە، بولۇپمۇ ھەدىس ئىلمىگە بېغىشلىغان ئۇلۇغ ئالىم ئىمام مۇسلىم ھىجرىيە 261 ـ يىلى(مىلادىيە 875 ـ يىلى) 55 يېشىدا نىسابۇر شەھىرىگە يېقىن نەسر ئاباد دېگەن جايدا ۋاپات بولغان. بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك بىر تەسىرلىك رىۋايەت بار: نىسابۇردىكى بىر ئىلىم مەجلىسىدە كىشىلەر ئىمام مۇسلىمدىن مەلۇم بىر ھەدىس توغرىسىدا سوئال سورىغان. ئۇ جاۋاب بېرەلمىگەن ھەمدە "بۇ ھەدىسنى بىلمەيدىكەنمەن" دېگەن. ئۇ ئۆيىگە قايتىپ چىراغ يورۇقىدا كىتابلىرى ۋە قول يازمىلىرىنى ئاقتۇرۇپ ئاشۇ ھەدىسنى ئىزدەشكە باشلىغان. ئۆيدىكىلەرگە "ھېچقايسىڭلار ھۇجرامغا كىرمەڭلار" دەپ تاپىلىغان. بىراق ئۇنىڭ بىر مۇلازىمى چوڭ بىر تاۋاق خورما ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭ قېشىدا

www.uyghurkitap.com



قويۇپ قويغاندى. ئىمام مۇسلىم كېچىچە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئاشۇ ھەدىس توغرىسىدا ئىزدەنگەن، ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن خورمىنى بىردىن ـ بىردىن ئېلىپ يېگەن. شۇ ھالەتتە تاڭ ئاتقان، ئۇ ھەدىسنى ئىزدەپ تاپقۇچە خورمىنى يەپ تۈگەتكەن. ئۇ خورمىنى زىيادە كۆپ يېگەنلىكتىن كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ھەمدە ئۇزاق ئۆتمەي ۋاپات بولغان(شەمسىددىن زەھەبىنىڭ «بۈيۈكلەر تەزكىرىسى» ۋە «ئىسلام تارىخى ۋە داڭلىق شەخسلەرنىڭ ۋاپاتى» دېگەن كىتابى).

## 2. ئىمام مۇسلىمنىڭ ئىلمى پائالىيتى

ئىمام مۇسلىم قىسقىغىنا ھاياتىدا نۇرغۇن سەمەرىلىك ئىجادىيەتلەرنى قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ يازغان ۋە تۈزگەن كىتابلىرى ئىسلامنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە چېتىلىدۇ. بىراق ئىمام مۇسلىم ياشىغان دەۋر ھەدىس ئىلمى گۈللەپ ياشنىغان، ھەدىس توپلاملىرى كۆپلەپ مەيدانغا كېلىۋاتقان دەۋر بولغاچقا ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلمى پائالىيتىنى ئاساسلىق ھەدىس ئىلمىگە مەركەزلەشتۇرگەن، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ يازغان كىتابلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ھەدىس ۋە ھەدىس ئىلمىگە ئالاقىدار كىتابلاردۇر.

ئىمام مۇسلىمنىڭ يازغان كىتابلىرى ئىچىدىن دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلىگىنى 20 نەچچە پارچە بولۇپ، قالغان كىتابلىرى ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلى يوقاپ كېتىپ بىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن. ئۇنىڭ كىتابلىرى ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇر بولغىنى «سەھىھ مۇسلىم» بولۇپ، تارىختىن بۇيان پۈتكۈل مۇسۇلمانلار بىردەك بۇ ھەدىس كىتابىنى ئىشەنچلىك سەھىھ ھەدىس كىتابى دەپ قوبۇل قىلغان، ئۇ قۇرئان كەرىم ۋە «سەھىھۇلبۇخارى»دىن قالسىلا ئىسلامدىكى ئەڭ سەھىھ، ئەڭ ئىشەنچلىك 3 ـ كىتاب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىمام مۇسلىم بۇ كىتابنى ئۆزى ئاڭلىغان 300 مىڭدىن كۆپرەك ھەدىس ئىچىدىن تاللاپ، ئۆزى ۋە ئىلگىرىكى ئالىملار بەلگىلىگەن ھەدىس قوبۇل قىلىش شەرتلىرى بويىچە ئىلغاپ، بارلىق ئىسلام ئالىملىرى سەھىھ دەپ قارىغان ئەڭ سەھىھ ۋە ئىشەنچلىك بولغان ھەدىسلەرنى تاللاپ تۈزگەن، بۇ كىتابنى تۈزۈشكە 15 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلغان.

ئىمام مۇسلىمنىڭ شاگىرتى ئەھمەد ئىبنى نىسابورى مۇنداق دېگەن: ”مەن «سەھىھ مۇسلىم»نى تۈزۈش جەريانىدا 15 يىل ئىمام مۇسلىم بىلەن بىرگە بولدۇم“(«بۈيۈكلەر تەزكىرىسى»، زەھەبى، 12 ـ جىلد، 566 ـ بەت)؛ ئىمام نەۋەۋى مۇنداق دېگەن: ”ئۇ(ئىمام مۇسلىم) بۇ كىتابىدا ئۆز ئىلمىنىڭ جەۋھىرىنى ۋە ئەڭ سەھىھ دەپ تاللىغان ھەدىسلەرنى جەملىگەن، كىتابنى تەكشۈرۈش ۋە تەھرىرلەشكە 16 يىل سەرپ قىلغان“(منهاج شەرھى سەھىھ مۇسلىم ئىبنى ھەججاج؛ يەھيا ئىبنى شەرەف ئەننەۋەۋى، 1 ـ جىلد، 14 ـ بەت).

كىتابنى تۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى شۇ دەۋردىكى ئەڭ چوڭ ئىسلام ئالىملىرى ۋە مۇھەددىسلەرنىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا سۇنغان، ئۇلار بىرەر ئىللىتى بولۇشى مۇمكىن دەپ گۇمان قىلغانلىكى ھەدىسنى كىتابىدىن چىقىرىۋەتكەن. ئىمام مۇسلىم مۇنداق دېگەن: ”كىتابىمنى ئەبۇ زۇرئە رازىغا كۆرسەتتىم، ئىللەت بارمىكىن دەپ ئىشارەت قىلغانلىكى ھەدىسنىڭ ھەممىنى تەرك ئەتتىم، ئىللىتى يوق سەھىھ دەپ قارىغانلىرىنى قالدۇردۇم“(تەنبىھاتۇل مۇجمەلە ئەلەلمەۋازىئۇل مۇشكەلە؛ سالاھىددىن ئەلائى، 1 ـ جىلد، 33 ـ بەت).

ئىمام مۇسلىم «سەھىھ مۇسلىم»نى كىرىش سۆز(مۇقەددىمە) بىلەن باشلىغان بولۇپ، كىرىش سۆزىدە ھەدىس ئىلمى توغرىسىدا توختالغان ھەمدە ئۆزىنىڭ بۇ كىتابنى تۈزۈشتىكى ئۇسلۇبىنى، ئەمەل قىلغان پىرىنسىپلىرى، ھەدىس تاللاشتا قوللانغان ئىنچىكە شەرتلىرى توغرىسىدا تەپسىلىي چۈشەنچە بەرگەن. مۇھەددىسلەرنىڭ ھەدىس قوبۇل قىلىشتىكى شەرتلىرى، ھەدىس ئۆگىنىش، يېزىش ۋە توپلاش، ئۇستاز تاللاش ھەققىدە ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى بايان قىلغان. شۇڭلاشقا سەھىھ مۇسلىمنىڭ كىرىش سۆزى قىسمى ھەدىس ئىلمى ھەققىدە ئەڭ بۇرۇن يېزىلغان بىر قەدەر تەپسىلىي ۋە سىستېمىلىق باياندۇر.

ئىمام مۇسلىم «سەھىھ مۇسلىم»نى ئىنچىكە بابلار ۋە پاراگرافلارغا بۆلۈپ تۈزگەن بولۇپ، ھەدىسنى پارچىلاپ رىۋايەت قىلىشتىن ساقلانغان، ئامالنىڭ بارىچە ھەدىسنى تەكرار رىۋايەت قىلمىغان. ئۇ كىتابنى ئىمان، تاھارەت، ناماز، زاكات... بابلىرىغا ئوخشاش فىقھە بابلارغا بۆلگەن، بابلارنى پاراگرافلارغا بۆلگەن. پۈتۈن كىتاب جەمئىي 54 بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئىمان

بابىدىن باشلىنىپ تەپسىر بابى بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇلغان.

«سەھىھ مۇسلىم»دىكى ھەدىسلەرنىڭ سانى جەھەتتە ئالىملار ئارىسىدا ئوخشىمىغان كۆزقاراشلار بولۇپ، تۆۋەندىكى قاراش ئەڭ تاللانغان ۋە كۆپىنچە ئالىملار قوبۇل قىلغان قاراشتۇر؛ «سەھىھ مۇسلىم»دا تەكرار ھەدىسلەرنى چىقىرىۋەتكەندە جەمئىي 3033 ھەدىس بار، تەكرار ھەدىسلەرنى قوشقاندا جەمئىي 5770 ھەدىس بار، ھەدىس تېكىستى ئوخشاش، بىراق سەنەد ئوخشىمايدىغان ھەدىسلەرنى قوشقاندا جەمئىي 7385 ھەدىس بار(سەھىھ مۇسلىمنىڭ ئاپتورى ۋە بۈيۈك ئىسلام مۇھەددىسى ئىمام مۇسلىم ئىبنى ھەججاج؛ مەشھۇر ئىبنى ھەسەن مەھمۇد، قەلەم نەشرىياتى، 194 ـ بەت).

«سەھىھ مۇسلىم» ئىسلامدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە نوپۇزلۇق 3 ـ كىتاب بولغاچقا مۇسۇلمانلار تارىختىن بۇيان بۇ كىتابقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن بولۇپ، «سەھىھ مۇسلىم»نى شەرھلەش، ھەدىس رىۋايەتچىلىرىنىڭ تەرجىمىھالىنى يېزىش ۋە ئۇلارغا باھا بېرىش توغرىسىدا نۇرغۇن كىتابلار يېزىلغان. ھازىرغىچە «سەھىھ مۇسلىم»غا يېزىلغان شەرھى كىتابلار 64كە يەتكەن بولۇپ، بىز بۇنىڭدىن «سەھىھ مۇسلىم»نىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئورنىنىڭ نەقەدەر يۈكسەكلىكى، مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ كىتابنى ئۆگىنىشكە نەقەدەر ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ شەرھ كىتابلار ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر بولغانلىرىدىن تۆۋەندىكىلىرى بار:

1. ئەلمىنھاج فى شەرھى جامئۇسەھىھ لىمۇسلىم ئىبنى ھەججاج؛ ئىمام مۇھيىددىن يەھيا ئىبنى شەرەف ئەننەۋەۋى

2. ئەلئىلمۇ بىفەۋائىد كىتاب سەھىھ مۇسلىم؛ ئابدۇللا مۇھەممەد ئىبنى ئەلى مازىرى

3. ئىكمالۇل مۇئەللىم فى شەرھى سەھىھ مۇسلىم؛ قازى ئىياز

4. فەتھۇل مۇنئىم شەرھى سەھىھ مۇسلىم؛ مۇسا شاھىن لاشىن

(ئاپتور: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: ئادىل ھاجى كېرىم)

(بېشى 63 ـ بەتتە) پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**مەككەنى فەتھى قىلغاندىن كېيىن ھىجرەت يوق**“. شۇڭلاشقا ھاياتى بىخەتەرلىك كاپالىتىگە ئىگە بولغان ئەھۋالدا مۇسۇلمانلار يۇرتىنى تاشلاپ ھىجرەت قىلسا بولمايدۇ.

يىغىن قاتناشچىلىرى مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: دۆلىتىمىز دىنىي ئېتىقاد ئەركىن بولغان دۆلەت، پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قانۇن قوغدايدۇ. بىز قۇرئان كەرىمنىڭ تەلىماتىغا ئاساسەن ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرگە بويسۇنۇشىمىز، ئىسلام دىنىنىڭ باراۋەرلىك، دوستانىلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ئۆزئارا ياردەملىشىش ئىدىيەسىنى قېزىپ، مۇسۇلمان ئاممىسىنى ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئەپۇچان بولۇپ، باشقىلارنى تەكفىر قىلماسلىققا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكە، دۆلىتىمىزنىڭ تىنچ، ئىتتىپاق، ئىناق ياخشى ۋەزىيىتىنى ئورتاق قوغداشقا يېتەكلەش لازىم.

يىغىن قاتناشچىلىرى مۇنۇلارنى ئىپادىلىدى: بۇ قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنىنى ئاچقۇچ قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرھال يول تۇتۇش ئىدىيەسىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ۋەتەننى سۆيۈش، دىنىنى سۆيۈش، خەلقنى سۆيۈش، ئوتتۇرھاللىق، ئىناقلىق، ئەپۇچانلىق، مېھرىبانلىق، تىنچلىق ۋە دوستانىلىك، تەكفىرچىلىككە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، بايرىقى روشەن ھالدا دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەگە قارشى تۇرۇپ، كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىنى دىنىي تەلىماتلارنى توغرا چۈشىنىشكە ئاكتىپ يېتەكلەپ، توغرا ئېتىقادنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەسەبىيلىكتىن يىراق تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، دىنلار ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆھپىمىزنى قوشىمىز. (مۇھەممەد ئابدۇللا ئۆمەر)

uyghurkitap.com





# تەقۋادار مۇئمىنلەردىن بولايلى

ئىبراھىم ئابلىتىپ

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

تەقۋادارلىق ھەرقاچان ئاللاھقا تەلپۈنىدىغان، ھەمىشە ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئىنتىلىدىغان ئىتائەتمەن بىر مۇسۇلمانغا نىسبەتەن سەل قاراشقا ياكى دىققەت سىرتىدا قويۇشقا بولمايدىغان مۇھىم مەسىلىدۇر. چۈنكى ئۇ ئىماننىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى. نىجاتلىقنىڭ ئاساسى، ئەمەللەرنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل بولۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى، جەننەتنىڭ ئاچقۇچى، دوزاخنىڭ قالقىنىدۇر.

**1. تەقۋادارلىق دېگەن نېمە؟**

"التقوى"(تەقۋا) دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى "ساقلىنىش، قورقۇش" دېگەنلىك بولۇپ، شەرىئەتتىكى مەنىسى "ھەر دائىم ئاللاھتىن ئەيمىنىپ تۇرۇپ، ئىبادەتنى ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ خالىس قىلىش، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشكە ئوخشىغان چوڭ ـ كىچىك گۇناھلاردىن ساقلىنىپ، ئىماننى كۈچلەندۈرۈش" دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: "**ياخشى ئاقىۋەت پەقەت تەقۋادارلارغا خاستۇر**"{سۈرە«تاھا»(20 ـ سۈرە)، 132 ـ ئايەت}: "**پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھۇزۇرىدىكى ئاخىرەت ياخشىلىقلىرى تەقۋادارلارغا خاستۇر**"{سۈرە«زۇخرۇف»(43 ـ سۈرە)، 35 ـ ئايەت}.

ئىمام غەززالى تەقۋالىق ھەققىدە مۇنداق دېگەن: "تەقۋادارلىق ئىنسانغا ئاتا قىلىنغان كۆپ ياخشىلىق، زور بايلىق، كاتتا نىجاتلىق، مول غەنىيمەت ۋە بۈيۈك پادىشاھلىقتۇر. دۇنيا ـ ئاخىرەتتىكى بارلىق ياخشىلىق ئۇنىڭغا مۇجەسسەملەنگەندۇر". دېمەككى، ھەقىقىي تەقۋادارلار بۇ دۇنياغا ئېرىشىش بىلەن بىرگە مەڭگۈلۈك دىيار بولغان ئاخىرەتكىمۇ ئېرىشەلەيدۇ.

دېمەك، تەقۋالىقنىڭ ھەربىر مۇئمىن مۇسۇلماننىڭ ھاياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ناھايىتى يۇقىرى بولغاچقا، بۇ سۆز قۇرئان كەرىمدە 258 قېتىم تىلغا ئېلىنغان. شۇنىڭدەك تەقۋادارلار ھەقىقىي بەخت ـ سائادەت ۋە شەرەپ ئىگىلىرىدۇر.

**2. "المتقي"( مۇتتەقى)، يەنى تەقۋادار كىشى دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟**

ئابدۇللا ئىبنى ئابباس تەقۋادار كىشىلەر

## ئوقۇرمەنلەر ساداسى

توغرىسىدا توختىلىپ ''ئىمان كەلتۈرگەندىن كېيىن يېنىۋالمىغان، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن ساقلانغان، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھالەتتە ئاللاھتىن قورقىدىغان، ئاللاھقا ھەقىقىي رەۋىشتە بويسۇنغان كىشى تەقۋادار كىشى ھېسابلىنىدۇ'' دېگەن ھەمدە بۇ سۆزنىڭ كەينىگە ئۇلاپلا قۇرئان كەرىمدىكى: ''**شۈبھىسىزكى ھەقىقىي مۆمىنلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن قىلچە ئىككىلەنمىگەنلەردۇر**''{سۈرە «ھۇجۇرات»(**49** ـ سۈرە)، **15** ـ ئايەت} دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلغان.

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ دەرگاھىدىكى ئەڭ ھۆرمەتلىنىدىغان كىشىلەرنى تەقۋادار كىشىلەر دەپ، قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ''**ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر**''{سۈرە «ھۇجۇرات»(**49** ـ سۈرە)، **13** ـ ئايەت}.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ''ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشى قايسى'' دەپ سورىغاندا، ئۇ زات: ''**ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ئەڭ ھۆرمەتلىك ئادەم ئەڭ تەقۋادار بولغان ئادەمدۇر**'' دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئۇنداقتا شۇ ياخشى سۈپەتكە ئىگە بولغان تەقۋادارلار قاتارىدىن بولۇشىمىز ئۈچۈن، بىزنىڭ نېمىلەرنى قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ؟

بۇنىڭ جاۋابى شۇكى، ئىنسان قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا بىر پىنھان كۈچ بولۇپ، ئۇنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئۇ بىر خىل مەنىۋى كۈچ بولۇپ، ئىنساننى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ۋە ياخشى ئەمەللەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا، گۇناھ مەئسىيەتلەردىن ساقلىنىشقا ھەرقاچان ئۈندەپ تۇرىدۇ. ئىنسان ئۇنىڭغا بويسۇنسا خۇشاللىق، مەمنۇنلۇق، بويسۇنمىسا دەرد ـ ئەلەم ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېتىقاد، ئەمەل، مەجبۇرىيەت قاتارلىق ئۈچ جەھەتنى تەڭ تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ ئايرىپ قويماي، ئوخشاش ئادا قىلغاندا ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىكى تەقۋادارلاردىن بولالايمىز.

**3. تەقۋادارلىقنىڭ پايدىسى**

شۇنىسى ئېنىقكى، كىشىلەرنىڭ ھاياتىدا ئەڭ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان نەرسىلەرنىڭ ئۇلارغا ئېلىپ كېلىدىغان پايدىسى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ. شۇنىڭدەك تەقۋادارلىقنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان پايدىلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بىز تۆۋەندە ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز.

1. تەقۋادارلىق قىيىنچىلىقتا قالغاندا چىقىش يولى ئاتا قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ''**كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن، ئاللاھقا ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ**''{سۈرە «تالاق»(**65** ـ سۈرە)، **2** ـ، **3** ـ ئايەت}.

2. تەقۋادارلىق ھەرقانداق ئىشتا ئاسانلىق ۋە ئاسايىشلىق ئاتا قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ''**كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ**''{سۈرە «تالاق»(**65** ـ سۈرە)، **4** ـ ئايەت}.

3. ئاللاھ تەقۋادارلارغا نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا ھەمراھ بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ''**ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر**''{سۈرە «بەقەرە»(**2** ـ سۈرە)، **194** ـ ئايەت}.

4. ئىنسان تەقۋادارلىق ئارقىلىق ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ''**كىمكى ئەھدىگە ۋاپا قىلسا، گۇناھتىن ساقلانسا، ئاللاھ ئەنە شۇنداق تەقۋادارلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ**''{سۈرە «ئال ئىمران»(**3** ـ سۈرە)، **76** ـ ئايەت}.

شۇڭا بىز بارلىقىمىزنى ئاللاھقا بېغىشلاش ئارقىلىق، تەقۋادارلىقتىن ئىبارەت مۇھىم ئەڭگۈشتەرنى قولىمىزغا ئېلىپ، تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان جەننەتتىن ئىبارەت ئەڭ زور نېمەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىشىمىز لازىم.

ئاللاھ ھەممىمىزنى تەقۋادار، سالىھ كىشىلەردىن قىلسۇن. ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىگە ئىنساب، تەۋپىق، ھىدايەت ئاتا قىلسۇن، ئامىن!

(ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭى شەھەر رايونى يۇملاقتاغ مەسچىتىنىڭ مۇئاۋىن ئىمامى؛
تەھرىرلىگۈچى: مۇھەممەدئابدۇللا ئۈمەر)

# ئىسلام دىنى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى قەشقەردە ئېچىلدى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** 2016 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قەشقەردە ”توغرا ئېتىقادنى جارى قىلدۇرۇش، ئەسەبىيلىكتىن يىراق تۇرۇش“ ئىسلام دىنى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. يىغىن مەملىكەتلىك دىن خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، تىنچلىق، ئىتتىپاقلىق، ئوتتۇراھاللىق روھىنى پائال تەشۋىق قىلدى، دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بەردى، كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىنى توغرا ئېتىقاد ۋە توغرا ئىش ـ ھەرىكەتتە بولۇشقا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش، ئىسلام دىنىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە ھەسسىسىنى قوشۇشقا يېتەكلىدى.

دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ يەنتوڭ تەكلىپكە بىنائەن يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە سۆز قىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى بەدرىددىن گو چېڭجېن، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى مەتتىمىن بەكرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇرەقىپ تۆمۈرنىياز ئايرىم ـ ئايرىم سۆز قىلدى. دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 3 ـ مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ما جىن، مۇئاۋىن باشلىقى كۇاڭ شىڭ يىغىنغا قاتناشتى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىبراھىم خۇڭ چاڭيو، ئادىل ھاجى كېرىم، سۇلايمان ليۇ كېجې، سىددىق مۇ كېفا قاتارلىقلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 3 ـ مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ما جىن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئادىل ھاجى كېرىم يىغىن خۇلاسە سۆزى قىلدى. جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى، بىر قىسىم ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، مەركەزگە بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەردىكى ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى، داڭلىق دىنىي زاتلار ۋە مۇناسىۋەتلىك مەكتەپلەردىكى ئالىم، تەتقىقاتچىلار بولۇپ 60 ئادەم يىغىنغا قاتناشتى.

جاڭ يەنتوڭ سۆزىدە مۇنداق دېدى: بۇ قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنىدا ”توغرا ئېتىقادنى جارى قىلدۇرۇش، ئەسەبىيلىكتىن يىراق تۇرۇش“نى ئاساسلىق تېما قىلىنىپ مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى، بۇنىڭدىكى مەقسەت مەملىكەتلىك دىن خىزمىتى يىغىنىنى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىسلام دىنىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، تىنچلىق، ئىتتىپاقلىق، ئوتتۇراھاللىق روھىنى تەشۋىق قىلىش، دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بېرىش، كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىنى توغرا ئېتىقاد، توغرا ئىش ـ ھەرىكەتتە بولۇشقا يېتەكلەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش، ئىسلام دىنىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تەدبىر بىلەن تەمىن ئېتىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 1 ـ ئىسلام دىنىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىسىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش لازىم. يېڭى تارىخى دەۋردە ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ئېسىل ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى ياخشى شەرھلىشى ۋە جارى قىلدۇرۇشى، ۋەتەننى سۆيۈش بىلەن دىننى سۆيۈشنى، دىنىي ئېتىقاد بىلەن ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنى تېخىمۇ ياخشى بىرلەشتۈرۈپ، مۇسۇلمان ئاممىسىنى ئاڭلىق ھالدا ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشقا، دۆلەت بىخەتەرلىكىنى قوغداشقا، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا ئاكتىپ قاتنىششقا يېتەكلىشى لازىم. 2 ـ قانۇن بىلەن شەرىئەت مەسىلىسىنى توغرا ھەل قىلىش لازىم. كەڭ ئىسلام ساھەسىدىكى زاتلار ۋە مۇسۇلمان ئاممىسى دۆلەتنىڭ قانۇنىغا رىئايە قىلىش بىلەن دىنىي ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىپ، كۆپچىلىكنى ياخشى پۇقرا، ياخشى مۇسۇلمان بولۇشقا

يېتەكلىشى، ئاشۇلۇق ھالدا دۆلەت ئېڭى، قانۇن ئېڭى، پۇقرالىق ئېڭى ۋە زامانىۋىلىق ئېڭى تۇرغۇزۇشى، ئاڭلىق ھالدا قانۇن رۇخسەت قىلغان دائىرىدە پائالىيەت قىلىشى لازىم. 3 ـ ئىسلام دىنى تەلىماتلىرىنى توغرا شەرھلەش لازىم. ئىسلام دىنىنىڭ باراۋەرلىك، دوستانىلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ئۆزئارا ياردەملىشىش ئىدىيەسىنى قېزىپ، مۇسۇلمان ئاممىسىنى ئوخشاشلىقنى قوبۇل قىلىپ ئوخشىماسلىققا ھۆرمەت قىلىشقا، باشقىلارنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشقا يېتەكلىشى، دىن ئىچىدىكى ئىتتىپاقلىق بىلەن بىرگە مۇسۇلمان ئەمەسلەر بىلەنمۇ ئىتتىپاق ئۆتۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ تىنچ، ئىتتىپاق، ئىناق ياخشى ۋەزىيىتىنى ئورتاق قوغدىشى لازىم. 4 ـ ئىسلام دىنى ئىدىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتەكچى قىلىپ، جۇڭگوچىلىشىش يۆلىنىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاڭلىق ھالدا سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۆزئارا ماسلىشىش يولىدا مېڭىش لازىم. شەرىئەتنى چۈشەندۇرۇش خىزمىتىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىسلام دىنى ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىكى ئاكتىپ ئىدىيەلەرنى چوڭقۇر قېزىش، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ھەمدە جارى قىلدۇرۇش، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىسلام دىنى ئىدىيە سىستېمىسىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر بىلەن ھەر مىللەت مۇسۇلمان ئاممىسىنى جۇڭگو مەدەنىيىتى ۋە جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىسلام دىنى ئىلغار مەدەنىيىتىگە چۆمۈلدۈرۈش لازىم.

يىغىن مۇنداق دەپ قارىدى: يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان دىني ئەسەبىي ئىدىيە شىنجاڭ ۋە باشقا جايلارغا سىڭىپ كىرىپ تارقىلىپ، زوراۋان تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىدىيەۋى ئاساسىغا ئايلاندى، بولۇپمۇ "ئۈچ خىل كۈچ" دىنى تونىغا ئورىنىۋېلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ تەلىماتلىرىنى بۇرمىلاپ، "ھىجرەت قىلىش"، "جىھاد قىلىپ ئۆلسە جەننەتكە كىرىدۇ"، "تەكفىرچىلىك" قاتارلىق ئەسەبىي ئىدىيەلەرنى تارقىتىپ، شىنجاڭ چېگرا رايونىدىكى بىر قىسىم مۇسۇلمانلار، بولۇپمۇ مەدەنىيەت سەۋىيەسى تۆۋەن، ئىسلام بىلىملىرىنى بىلىپ كەتمەيدىغان ياشلاردا سەلبىي تەسىرلەرنى پەيدا قىلىپ، بىر قىسىم كىشىلەرنى ئازدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بىگۇناھلارنى ئۆلتۈرۈشىگە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى بۇزۇشىغا، ھەتتا دۆلەتنى پارچىلاشتىن ئىبارەت جىنايى قىلمىشنى سادىر قىلىشىغا سەۋەبچى بولدى.

يىغىنغا قاتناشقان دىنى زاتلار، ئالىملار ۋە تەتقىقاتچىلار بىردەك مۇنداق دەپ قارىدى: ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى توغرا شەرھلەش، "ئۈچ خىل كۈچ"نىڭ ئىسلام دىنىنى دەستەك قىلىپ ئۆزىنىڭ خۇپىيانە مەقسىتىگە يەتمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېچىپ تاشلاپ، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى توغرا ئېتىقاد تۇرغۇزۇشقا، توغرا يولدا مېڭىشقا، ئاڭلىق ھالدا ئەسەبىيلىكنى چەكلەشكە، زوراۋان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشقا يېتەكلەپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئىسلام دىنى خىزمىتىنى بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ دىني خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئىنتايىن مۇھىم ۋە زۆرۈر.

يىغىن قاتناشچىلىرى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفتىن نەقىل ئېلىپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ سەپسەتىلەرگە رەددىيە بەردى، توغرا شەرھلەش ئېلىپ بېرىپ، جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇشقا، قانۇن بىلەن شەرىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇش ۋە توغرا ھەل قىلىشقا، دىنى ساھەدىكى زاتلار ۋە ئېتىقادچى ئامما دۆلەتنىڭ پۇقراسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، قانۇننىڭ ھەممىدىن ئۈستۈنلىكى ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشقا، ئاڭلىق ھالدا قانۇن يول قويغان دائىرىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا چاقىرىق قىلدى. ئىسلام دىنى تەلىماتلىرىغا ئاساسلانغاندا "جىھاد" "چوڭ جىھاد"، "كىچىك جىھاد"قا بۆلۈنىدۇ، چوڭ جىھاد ئۆزىنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋىسى بىلەن كۈرەش قىلىشنى كۆرسىتىدۇ، كىچىك جىھاد دىنى ئەمەل ـ ئىبادەتنى ئېلىپ بېرىش ھوقۇقى ۋە ھاياتى، مال ـ مۈلكىنى قوغداش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇداپىئە كۈرىشى بولۇپ، ئۇنى بىر تەرەپلىمىلىك بىلەن جەڭ قىلىش دەپ ئېنىقلىما بېرىشكە بولمايدۇ، "مۇقەددەس ئۇرۇش" ئارقىلىق "كاپىرنى ئۆلتۈرسە جەننەتكە كىرىدۇ" دەپ تار مەنىدە چۈشىنىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. "ھىجرەت"نىڭ مەنىۋى ھىجرەت ۋە جىسمانىي ھىجرەتتىن ئىبارەت ئىككى قاتلىمى بولىدۇ. مەنىۋى ھىجرەت قەلبنى پاكلاش، روھنى پاكلاش بولۇپ، ئۇنى ھەر ۋاقىت قىلغىلى بولىدۇ. جىسمانىي ھىجرەت مۇئەييەن شارائىتقا موھتاج بولىدۇ، (داۋامى 59 ـ بەتتە)

## 本刊特辑

1 伊斯兰教中道思想国际研讨会在新疆乌鲁木齐举行
4 倡导中道　反对极端主义
—伊斯兰教中道思想国际研讨会倡议书
62 伊斯兰教经学思想研讨会在新疆喀什召开

## 伊斯兰学术研究

9 浅谈赞圣 /喀哈尔·阿卜杜瓦日斯
15 浅析独传圣训，复传圣训及众传圣训等圣训学术语/ 阿不都卡德尔·吐尔逊

## 《古兰经》注释

19 “难道你们不愿真主赦宥你们吗？” —《古兰经》“光明章”22 节的简明注释 /西哈布丁·艾海提

## 圣训分析

23 我与抚养孤儿的人同住天堂/麦麦提·提力瓦力迪

## 善行与功修

29 伊斯兰教的功修 /买买提·阿不都热依木

## 卧尔兹

33 伊斯兰教就是和平/艾合买提·买提尼亚孜
38 伊斯兰教提倡发展/艾孜提艾力·哈孜

## 美德

41 给孩子起美名是父母的义务/瓦哈甫·买买提

## 父母与子女

49 孝敬父母是真主的命令/阿里木江·阿布都热合曼

## 伊斯兰学者

56 伊玛目穆斯林及其著作《穆斯林圣训集》/买买提阿布拉·艾买尔

## 读者心声

60 让我们做个敬畏的穆民/伊布拉音·阿布力提甫






2016 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى يىنچۈەن شەھىرى شىنچېڭ مەسچىتىگە كېلىپ دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ قانات يايدۇرۇلۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى ھەمدە نىڭشىيا ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ، ئۇلار ئارقىلىق كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىغا سالام يوللىدى ۋە گۈزەل تىلەكلەرنى تىلىدى.






2016 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قەشقەردە ''توغرا ئېتىقادنى جارى قىلدۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش''نى ئاساسلىق تېما قىلغان ئىسلام دىنىنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى.



2016 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى مەزگىلىدە، جەمئىيىتىمىزنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئافغانىستان ئاۋام پالاتاسى خەلقئارا مۇناسىۋەت كومىتېتىنىڭ رەئىسى لەتىفخان جۇۋادايىف بىلەن كۆرۈشتى.



2016 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلگەن مالايسىيا ئىسلام دىنى تەرەققىيات مەھكىمىسى ۋە مالايسىيا چوڭ ـ كىچىك كارخانىلار جەمئىيىتى ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى.



2016 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت مۇسۇلمانلىرى ھىجرىيە 1437 ـ يىلىدىكى روزى ھېيتنى كۈتۈۋالدى. سۈرەتتە ئۈرۈمچى ياڭخاڭ مەسچىتىدىكى روزى ھېيتلىق كۆرۈنۈش.




2016 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى ۋۇجۇڭ شەھىرىدە ھەج تاۋاب يېتەكچى خادىملىرى ۋە يېتەكچى دىنىي زاتلارنى تەربىيەلەش كۇرسى ئاچتى.

(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى يۇنۇس، ئوسمان تارتقان)

## ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ

ئەسسالامۇئەلەيكۇم! ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى مەركەزدىكى باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ تەستىقى بىلەن دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى قارمىقىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تەرىپىدىن پايتەخت بېيجىڭدا نەشر قىلىنىپ، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئاراغا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان پەسىللىك، ئۇنىۋېرسال ئىسلام ئىلىم-مەدەنىيەت ژۇرنىلى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ ژۇرنالنىڭ تارقىتىلىشىغا ئاكتىپ مەدەت بېرىشى، كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ مەملىكىتىمىزدە نەشر قىلىنىۋاتقان بۇ بىردىنبىر ئىسلام ژۇرنىلىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ قىزغىن مۇشتەرى بولۇشى، تەھرىر بۆلۈمىدىكى خادىملارنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە ژۇرنالنىڭ سۈپىتى بارغانچە ياخشىلىنىپ، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى تىرازى يىلدىن-يىلغا ئېشىۋاتىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ 2017-يىللىق مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى 9-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن تارتىپ باشلىنىدۇ. پەسىلدە بىر چىقىدىغان بۇ ژۇرنالنىڭ 2017-يىللىق تاق باھاسى 5.00 يۈەن، يىللىق باھاسى 20 يۈەن، ژۇرنىلىمىز ئىلگىرىكىدەكلا يەنە يەرلىك پوچتىخانا، جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىدە تەسىس قىلىنغان شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى، ھاۋالە قىلىنغان قانۇنلۇق سېتىش ئورۇنلىرى ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز ئارقىلىق تارقىتىلىدۇ. ژۇرنالنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 167ــ 58؛ چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1720.

مۇسۇلمانلارنىڭ، مەسچىتلەرنىڭ، ژۇرنىلىمىز زوقمەنلىرىنىڭ، ئىدارە-تەشكىلات، مائارىپ-مەدەنىيەت تارماقلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ژۇرنىلىمىز سۈپىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاش ئۈچۈن مۇۋاپىق تەكلىپ-پىكىرلەرنى داۋاملىق بېرىپ تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ژۇرنىلىمىزغا پائال مۇشتەرى بولۇشنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

ISSN 1007-5836
9 771007 583001 09>
公 开 发 行

《中国穆斯林》（维吾尔文版）
国际标准刊号：ISSN1007—5836
国内统一刊号：CN11—1346/B
国内邮发代号：（新）58—167
国外发行代号：Q1720
定价：5.00元

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» (ئۇيغۇرچە)
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
مەملىكەتلىك بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى:
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:
ئاشكارا تارقىتىلىدۇ باھاسى: 5.00 يۈەن